


﴿ قُلْ إِنْ كُنْتُم تُحِبُّونَ اللّٰــهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّٰــهُ وَيَغْفِرْ
لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّٰــهُ غَفُوْرٌ رَّحِيْمٌ ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾

(3 ـ سۈره / ئال ئىمران 31 ـ ئايەت)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

## 2014 ـ يىللىق 8 ـ سان (ئومۇمىي 8 ـ سان)


**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسلىھەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۇھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ داموللا ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**بەت ياسىغۇچى:** ئابدۇللا مەتتۇرسۇن



**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۆھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر داموللا ھاجى، نۇرمۇھەممەد داموللا ھاجى، ئابدۇكېرەم داموللا ھاجى، ئابدۇۋاھاپ داموللا ھاجى، ئابدۇرېھىم داموللا ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم داموللا ھاجى، نەسىردىن داموللا ھاجى، ئابدۇرەئۇف داموللا ھاجى، مەسئۇد داموللا ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا داموللا، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان داموللا، ئابدۇراھمان مۇھەممەد داموللا، تۇرسۇن ئەينۇددىن داموللا، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى داموللا، ئوسمان ساۋۇت داموللا، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش — ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى؛ ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ۋە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012-يىلى 8-ئاي 1-نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىز ئاۋغۇست ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى چوقۇم مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا سۆزلىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى
2014-يىلى 1-ئاۋغۇست

# مۇندەرىجە

## ۋەز - تەبلىغلەر


ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى ........................ 1

تەۋھىد ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە ........................ 20

ئىسلام دىنى كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ........................ 39

ئىسلامدىكى ئەخلاق توغرىسىدا ........................ 45

ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش ........................ 55


## ئۆگىنىش گۈلزارى


ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........................ 70

ئەرەب تىلىدىكى بەزى گراماتىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ

تەرجىمىسى ........................ 84


## پايدىلىنىۋېلىڭ


ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 8 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى ........................ 92


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : ئۈرۈمچى خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە : ئۈرۈمچى خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (جۈمە)

# ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

**إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَنَسْتَعِيْنُهُ وَنَسْتَغْفِرُهُ وَنَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا مَنْ يَهْدِهِ اللّٰهُ فَلا مُضِلَّ لَهُ وَمَنْ يُضْلِلْ فَلا هَادِيَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ :**

ھۆرمەتلىك جامائەت:

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلانغان بولىدۇ. چۈنكى، تائەت ـ ئىبادەتسىز بىر كىشىنىڭ ئىمانىنى، مۇسۇلمانچىلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى مۇستەھكەملەپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىپ، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى ۋە رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى، ئەھمىيىتىنى توغرا ھەم چوڭقۇر چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ.

بىز ھەردائىم تىلغا ئالىدىغان ۋە ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئىبادەت (اَلْعِبَادَةُ) دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بۇ سۆز لۇغەتتە ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش، قۇللۇق قىلىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ، ئىسلام ئىستىلاھىدا بولسا بەندىنىڭ ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىغا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن بويسۇنۇپ، بۇيرۇغان ئەمەللەرنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**﴿ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 21 ـ ئايەت)**

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَتَ اللّٰهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللّٰهِ يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاء وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ

إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ﴾

﴿ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇدى بەرھەق يوقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقمۇ ئىماندىن باش تارتىسىلەر﴾ (35 ـ سۈرە / فاتىر 3 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھنىڭ خىتاب ـ نىدالىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇھەببەت ۋە رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر."**

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان:

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾

**﴿مەن جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇلچىلىق قىلىشۇن دەپلا ياراتتىم، مەن ئۇلاردىن رىزىق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، بۈيۈك كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر﴾ (51 ـ سۈرە / زارىيات 56 ~ 58 ـ ئايەت)**

ئىبادەتنىڭ مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ئەھمىيىتى يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. دېمەك، ئادەمنى يارىتىشتىكى مەقسەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بولۇپ، ئىبادەت ـ بەندىلەرگە ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە نۇر ئاتا قىلىدىغان، ھېچنېمىسى يوق نامراتلارغا دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بايلىقلاردىن قىممەت ئەجىر ـ ساۋاب خەزىنىلىرىنى ئاتا قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾

**﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر﴾ (49 ـ سۈرە / ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت)**

ئىبادەت سۆزى بىلەن ئوخشاش بىر سۆزدىن كېلىپ چىققان «**عبد**» (ئابدۇ، يەنى بەندە، قۇل دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆز ھەرگىز ئىنساننىڭ خار ـ

بىچارە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئۆز ياراتقۇچىسى ۋە رىزىق بەرگۈچىسىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئىنساننى ھەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە ياشاشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئىنسانغا ھەقىقىي ھۆرمەت ۋە شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا نۇرغۇن ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە سالىھ بەندىلىرىنى ھۆرمەت بىلەن «بەندىلىرىم» دەپ ئاتىغان.

﴿وَاذْكُرْ عِبَادَنَا إبْرَاهِيمَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ أُوْلِي الْأَيْدِي وَالْأَبْصَارِ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن كۈچلۈك ۋە پاراسەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن﴾ (38 ـ سۈرە / ساد 45 ـ ئايەت)**

﴿سُلَيْمَانَ نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ﴾

**﴿سۇلايمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ناھايىتى ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى﴾ (38 ـ سۈرە / ساد 30 ـ ئايەت)**

﴿يَا عِبَادِ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ وَلَا أَنتُمْ تَحْزَنُونَ﴾

**﴿(ئۇلارغا) «ئى بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم ـ قايغۇمۇ يوق» (دېيىلىدۇ)﴾ (43 ـ سۈرە / زۇخرۇف 68 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىنى ئىنتايىن چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تىلغان ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە مۇنداق دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇغان:

﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَاْ أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسىمەن﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 163 ـ ئايەت)**

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ناماز، روزا، زاكات، ھەج ـ ئۆمرە، دۇئا، زىكىر ـ تەسبىھ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، سەممىي

بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، سىلە-رەھىم قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش... ھەممىسى ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. يەنە ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىش، نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، قازايى قەدەرگە رازى بولۇش، ئىشلاردا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئازابىدىن قورقۇش قاتارلىقلارمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىبادەت-ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان بارلىق ئاشكارا-يوشۇرۇن سۆز ۋە ئەمەللەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر.

دېمەك، مۇسۇلماننى پەقەت مەسچىتتە، جايناماز ئۈستىدە، رامىزان ياكى ھەج مەزگىلىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىدە، ھەر ۋاقىت،ھەر جايدا ياراتقۇچىسى ئاللاھقا مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان ئىبادەت ئىنتايىن كەڭ مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئالىملار «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىبادەتنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلگەن:

## 1. خاس مەنىدىكى ئىبادەت

خاس مەنىدىكى ئىبادەت دېگىنىمىز ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە پەرز قىلغان، ئادا قىلىش ئۇسۇللىرى، شەكلى، ۋاقتى بەلگىلەنگەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلىنغان خاس مەنىدىكى ئىبادەتلەرنى ئىخچام ۋە تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن:

[عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُوْلَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُوْلُ : بُنِيَ الْإِسْلَامُ عَلٰى خَمْسٍ شَهَادَةِ أَنْ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُوْلُ اللّٰهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيْتَاءِ الزَّكَاةِ وَحَجِّ الْبَيْتِ وَصَوْمِ رَمَضَانَ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنى مۇنداق بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇلار: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، ئىمكانىيىتى يار بەرسە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت. (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

خاس مەنىدىكى ئىبادەت تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) تاھارەت: تاھارەت ئىسلام دىنىمىز ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، تاھارەت ــ ناماز، قۇرئان ئوقۇش، ھەج پائالىيىتىدىكى كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتەك مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇس ۋە مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرتتۇر.

﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾

**﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾**

**(2 ـ سۈرە / بەقەرە 222 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي مَالِكٍ الْأَشْعَرِي رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اَلطُّهُوْرُ شَطْرُ الْإِيْمَانِ ] (صَحِيْحُ الْجَامِعِ)

**" تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمى "**

[قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِفْتَاحُ الصَّلَاةِ اَلطُّهُوْرُ لَاتُقْبَلُ صَلَاةٌ بِغَيْرِ طُهُوْرٍ ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**«نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەت، تاھارەتسىز بەندىنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ.»**

فىقھى ئىلمى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ئىبادەت قىسمى ۋە مۇئامىلە قىسمى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە يېزىلغان فىقھى كىتابلىرىنىڭ ئىبادەت قىسمى تاھارەت بابىدىن باشلىنىدۇ. «تاھارەت» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەتتە «پاكىزلىق، پاكلاناق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام ئىستىلاھىدا بولسا تاھارەتنىڭ مەنىسى، بەندىنىڭ نىجاسەت ۋە مەينەتچىلىكلەردىن پاك سۇ بىلەن پاكلىنىپ ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە مائىدىنىڭ 6 ـ ئايىتىدە تاھارەت ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ تاھارەت ۋە تاھارەتنىڭ پەزىلىتى، ساۋابى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان ۋە بىز مۇسۇلمانلارنى ھەر ۋاقىت تاھارەت بىلەن پاك يۈرۈشكە تەۋسىيە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ يَتَوَضَّأُ فَيَبْلُغُ أَوْ فَيَسْبَغُ الْوُضُوْءَ ثُمَّ يَقُوْلُ: أَشْهَدُ أَلَّا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ، اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِيْ مِنَ التَّوَّابِيْنَ. إِلَّا فُتِحَتْ لَهُ أَبْوَابُ الْجَنَّةِ الثَّمَانِيَةُ يَدْخُلُ مِنْ أَيِّهَا شَاءَ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**”سىلەرنىڭ بىرىڭلار تولۇق تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن: بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن دېيدىكەن ئۇ كىشىگە سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇ خالىغان ئىشىكتىن كىرەلەيدۇ.“ (مۇسلىم توپلىغان)**

2) ناماز: ناماز ئاللاھ تائالا ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلغان ئىبادەت بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دە 100 دىن ئارتۇق ئايەتتە ناماز زىكىر قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يۈزلىگەن ھەدىسلەردە نامازنىڭ مۇھىملىقى ۋە پەزىلىتىنى بايان قىلغان، قىسقىسى نامازنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى مۇھىملىقىغا ۋە ئەھمىيىتىگە باشقا ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى، مىئراج كېچىسى پەرز قىلىنغان، ناماز مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ تۈنجىسى بولۇپ دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، شۇنداقلا مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ ئەڭ زۆرۈر ۋاستىسى، بەندىنى ئاللاھقا باغلاپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم رىشتە ھېسابلىنىدۇ. تۈرلۈك سىناقلارغا تولغان دۇنيا ھاياتىدا ئاجىز ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ ياخشى مەدەتكار ئاللاھنى سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيدىغان، ئىنسانغا خاتىرجەملىك ۋە ئۈمىدۋارلىق بېغىشلايدىغان نامازدىنمۇ ئېسىل روھىي ئوزۇق بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق!

شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قاچان بىرەر قىيىنچىلىققا ياكى كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كەلسىلا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: [أَقِمِ الصَّلَاةَ يَا بِلَالُ أَرِحْنَا بِهَا] **«ئى بىلال! بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن» دەيتتى. پەيغەمبىرىمىز جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە بىز ئۈممەتكە ۋەسىيەت قىلىپ: «ناماز! ناماز! نامازغا مەھكەم يېپىشىڭلار» دېگەنىدى.**

ناماز يەنە شەخسىي ئىبادەتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ يەنە مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى، مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىش جەھەتتىمۇ تەڭداشسىز رولى بار. جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر مانا بۇ

نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3) روزا: روزا ئىسلام دىنىمىزدىكى بەش مۇھىم پەرزنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 183 ـ ئايەت)**

روزا بەندىنىڭ ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن پاتقانغا قەدەر يېيىش ـ ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە روزىنى بۇزىدىغان باشقا ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىشىدۇر.

روزا ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى پەرز قىلىنغان بولۇپ، رامىزان ئېيى ئايلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئاي، ياخشىلىق ۋە بەرىكەتكە تولغان ئاي، چۈنكى «قۇرئان كەرىم» رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان، بىر كېچىلىك ئىبادەت مىڭ ئايلىق ئىبادەتتىنمۇ ئارتۇق سانىلىدىغان قەدىر كېچىسىمۇ رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسى ئىچىدىكى بىر كېچىدە بولىدۇ. روزا تۇتۇشتىكى ئەجىر ـ ساۋابىنىڭ كاتتىلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اللهُ كُلُّ عَمَلِ ابْنِ آدَمَ لَهُ إِلَّا الصِّيَامَ فَإِنَّهُ لِي وَأَنَا أَجْزِي بِهِ وَالصِّيَامُ جُنَّةٌ وَإِذَا كَانَ يَوْمُ صَوْمِ أَحَدِكُمْ فَلَا يَرْفُثْ وَلَا يَصْخَبْ فَإِنْ سَابَّهُ أَحَدٌ أَوْ قَاتَلَهُ فَلْيَقُلْ إِنِّي امْرُؤٌ صَائِمٌ وَالَّذِي نَفْسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ لَخُلُوفُ فَمِ الصَّائِمِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللهِ مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ لِلصَّائِمِ فَرْحَتَانِ يَفْرَحُهُمَا إِذَا أَفْطَرَ فَرِحَ وَإِذَا لَقِيَ رَبَّهُ فَرِحَ بِصَوْمِهِ.]

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: ئادەم بالىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئۈچۈن، پەقەت روزىلا مەن ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن. روزا بەندەمنى دوزاختىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. بىرىڭلار روزا تۇتقاندا سەت گەپ قىلمىسۇن، باشقىلار بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلمىسۇن. ئەگەر بىرەرسى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇرۇشسا «مەن روزىدارمەن» دېسۇن. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات (ئاللاھ) بىلەن قەسەمكى، روزىدارنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇش پۇراقتۇر. روزىدار ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار،**

**بىرى ئىپتىز ئاچقاندىكى خۇشاللىق، يەنە بىرى روزىدار پەرۋەردىگارى بىلەن مۇلاقات بولۇپ، ئۆزى ئۇچۇن تەييارلانغان ئەجىر ـ مۇكاپاتنى كۆرگەندىن كېيىنكى خۇشاللىق.»**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[مَنْ صَامَ يَوْمًا فِي سَبِيْلِ اللّٰهِ بَعَّدَ اللّٰهُ وَجْهَهُ عَنِ النَّارِ سَبْعِيْنَ خَرِيْفًا] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**« كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى شۇ روزا سەۋەبلىك دوزاختىن 70 يىل يىراقلاشتۇرىدۇ.»**

روزا تۇتۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىدۇ. ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ئاللاھنىڭ دائىم ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ مۇسۇلماننى ھەقىقىي تەقۋادارلىققا، سەۋرگە يېتەكلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. كەمبەغەل ـ مىسكىنلەرنىڭ ئاچلىق، مۇھتاجلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، شەخسىيەتچىلىكتىن خالاس قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشكە، مۇھتاجلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ئادىللىققا، باراۋەرلىككە، ئۆزئارا مېھرىبانلىققا يېتەكلەيدۇ. جەمئىيەتتە گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا روزىنىڭ ئىنسانىنىڭ ساغلاملىقىغا كەلتۈرىدىغان غايەت زور پايدىسى ھازىرقى ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلانغان بولۇپ، روزا تۇتۇش تېببىي ئالىملار تەرىپىدىن تەن ساغلاملىق ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىدىغان ئىشقا ئايلاندى.

4) زاكات: زاكاتنىڭ مەنىسى« پاكلىنىش، كۆپىيىش، زىيادە بولۇش» بولۇپ، بۇ مەنە تۆۋەندىكى ئايەتتە ئوچۇق ئىپادىلەنگەن:

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾ (9 ـ سۈرە / تەۋبە 103 ـ ئايەت)**

«قۇرئان كەرىم» دە 32 يەردە زاكات ناماز بىلەن بىر جايدا تىلغا ئېلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىنى بايان قىلغان مەشھۇر

ھەدىســـىدە نامازدىن كېيىنلا زاكاتنى بايان قىلغان. زاكات ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى پەرز قىلىنغان. زاكات ــ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىش نىيىتى بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىقتىسـادىي ئىبادەتتۇر. زاكاتقا دائىر ئەھكاملار شەرىئەتتە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

زاكاتنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى شـۇكى، ئۇ زاكات بەرگۈچىنى بېخىللىق، ئاچ كۆزلۈك، شـەخسـىيەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىللەتلەردىن سـاقلايدۇ. زاكات ئـارقىلىق كەمبەغەل ـ مىسـكىنلەرنىڭ ھاجىتى راۋا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بايلارغا قارىتا ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇشتىن ساقلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق كەيپىياتى شـەكىللىنىدۇ ۋە زاكات ئارقىلىق ئەل ـ جامائەتكە پايدىلىق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

5) ھەج :ئـاللاھ تـائالا ھەجنىڭ مۇسـۇلمانلارغا شـەرتلىك پەرز قىلىنغان ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَالَمِينَ فِيهِ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ وَمَن دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا وَلِلّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾

**﴿ھەقىقەتەن، جـاھـان ئەھلىگە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولغان، ئىنسـانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) سـېلىنغان تۇنجى ئۆي مەككىدىكى ئۆي (بەيتۇللاھ) دۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شـۇلارنىڭ بىرىدۇر، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى بۇنى ئىنكار قىلىدىكەن، بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 96 ـ 97 ـ ئايەت)**

ئەقىل ـ ھوشـى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، ئىقتىسـادىي شـارائىتى يار بەرگەن ھەر مۇسۇلماننىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرز. ھەج مەزگىلىدىن باشقا چاغدا ھەج قىلىشى ئۆمرە بولۇپ تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. ھەج ھىجرىيەنىڭ 4 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 626 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پەرز قىلىنغان ۋە ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 630 ـ يىلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالام مۇسـۇلمانلارنى باشلاپ

ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان. ھەجدە ناماز، دۇئا ـ زىكىر، سەدىقە قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىبادەتلەر جەملەنگەنلىكى ئۈچۈن ھەج ئەۋزەل ئىبادەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەج ۋە ئۈمرىنىڭ پەزىلىتى، ساۋابى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن. مەسىلەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَلْعُمْرَةُ إِلَى الْعُمْرَةِ كَفَّارَةٌ لِمَا بَيْنَهُمَا وَالْحَجُّ الْمَبْرُوْرُ لَيْسَ لَهُ جَزَاءٌ إِلَّا الْجَنَّةُ]

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈمرە يەنە بىر ئۈمرەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتۇر." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

[ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ حَجَّ لِلّٰهِ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ كَيَوْمٍ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ ]

**"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماي ھەجنى تاماملاپ قايتسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاق كۈنىدىكىدەك گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ." (بۇخارى توپلىغان)**

ھەج مۇئمىننى سەۋرچان، چىدامىلىق بولۇشقا يېتەكلەيدۇ؛ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن، بېخىللىقتىن پاكلايدۇ. ئىنساننى دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە، مال ـ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ، ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى، ۋاقتى، ئورنى ناھايىتى ئېنىق بېكىتىلگەن. ھەج دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ئۇچرىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دىني قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ.

6) «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىش: ئاللاھ تائالا ئەرەب تىلى بىلەن نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئىسلام دىنىمىزنىڭ مەقسەت، غايىسى ۋە تەلەپلىرى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر ئىنسان ئۆيلىنىشقا تېگىشلىك مەن

«نەدىن كەلدىم، نەگە بارىمەن، نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالغا مۇكەممەل جاۋاب بەرگەن. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ مۇكەممەل تۇرمۇش مىزانى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان قۇرئاننى ئوقۇش بىلەن دىللار نۇرلىنىدۇ، كۆڭۈللەر خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ، ئەقىللەر توغرا يول تاپىدۇ. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم» نى تىلاۋەت قىلىشنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىقلار بىرلەشكەن كاتتا ئىبادەت دېيىشكە بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش-ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتى، ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان كاتتا دەرىجىلىرى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە نۇرغۇن مەزمۇنلار بايان قىلىنغان، مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنِ ابْنِ مَسْعُوْدٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللّٰهِ فَلَهُ حَسَنَةٌ وَالْحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا، لَا أَقُوْلُ آلم حَرْفٌ، وَلٰكِنْ أَلِفٌ حَرْفٌ، وَلَامٌ حَرْفٌ، وَمِيْمٌ حَرْفٌ] ( رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. « آلم (ئەلىف، لام، مىم)»نى ئوقۇغانغا بىر ياخشىلىق ئەمەس، بەلكى ئەلىف ئۈچۈن ئون ھەسسە، لام ئۈچۈن ئون ھەسسە، مىم ئۈچۈن ئون ھەسسە ياخشىلىق يېزىلىدۇ." (تىرمىزىي توپلىغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: [خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرْآنَ وَعَلَّمَهُ]

**"سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر." (بۇخارىي)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى سۈرئەت قوغلىشىپ ئەمەس، ئەقىلنى ئىشلىتىپ، تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى. شۇڭا، ساھابىلەرمۇ قۇرئاننىڭ ھەر بىر ئايىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويغانىدى ۋە مۇشۇ جەھەتتە بىر-بىرى بىلەن بەسلىشەتتى، ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەر كۈنى قۇرئاندىن بىر پارە ئوقۇپ، 30 كۈندە بىر قېتىم قۇرئاننى تاماملىسا، يەنە بەزىلىرى كۈنىگە ئىككى پارىدىن ئوقۇپ 15 كۈندە بىر قېتىم، ھەتتا بەزىلىرى ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇپ تاماملايتتى.

7) ئاللاھنى ياد ئېتىش (ئاللاھنى زىكىر قىلىش) ئاللاھ تائالا بىزنى ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىشكە بۇيرۇغان ۋە جەننەتكە ئېرىشىدىغان مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپىتى ئاللاھنى ياد ئېتىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلًا﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئاللاھقا ئەتىگەن ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾ (33 ـ سۈرە / ئەھزاب 41 ـ 42 ـ ئايەت)**

﴿وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا﴾

**﴿ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى﴾ (33 ـ سۈرە / ئەھزاب 35 ـ ئايەت)**

بەندىنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا، ھەرقانداق بىر ھالەتتە ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇشى ئۇنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۆز سايىسىدە سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ، شۇلارنىڭ قاتارىدا «خالىي جايدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ كۆزىدىن ياش تۆككەن ئادەم» نى تىلغا ئالغان.

ئاللاھنى ياد ئېتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە مۇسۇلمانلار تۈرلۈك ئەھۋال ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇشقا تېگىشلىك زىكىر ـ تەسبىھ، ھەمدۇسانا، دۇئالار تولۇق بايان قىلىنغان.

پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا قەتئىي رەۋىشتە بۇيرۇغان، ئادا قىلغان كىشىگە ساۋاب بېرىلىدىغان، تەرك ئەتكەن ئادەم قاتتىق جازالىنىدىغان ئىبادەتلەر پەرز ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش، شەرتى توشقان كىشىنىڭ پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرىشى، يىلدا بىر كېلىدىغان رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، قادىر بولالىغان كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرز ئىبادەتلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام دىنىمىز ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىش، تېخىمۇ تەقۋادار بولۇش ئۈچۈن نەپلە ئىبادەتلەرنىمۇ بەلگىلىگەن. نەپلە ئىبادەت دېگىنىمىز ئادا

قىلغان ئادەم كاتتا ئەجىر ـ ساۋابقا ئېرىشىدىغان، تەرك ئەتكەن ئادەم جازالانمايدىغان، ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايدىغان ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، چاشكاھ نامىزى، تەھەججۇد نامىزى، تەسبىھ نامازلىرى، ھەر ئاينىڭ ئاق كۈنلىرى (13 ـ 14، ـ 15 ـ كۈنلىرى) ۋە ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى، ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش، خەير ـ ئېھسان، سەدىقە قىلىش قاتارلىقلار نەپلە ئىبادەتلەر بولۇپ، نەپلە ئىبادەتلەر ئارقىلىق پەرز ئىبادەتلەر تېخىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ. بىز (پەرز ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش شەرتى بىلەن) نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ئەجىر ـ ساۋابىنىڭ كاتتىلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىس قۇددىسىيدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز:

**«ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان ئىبادەتلەرنى قىلىپ ماڭا يېقىنلىشىدۇ، ھەتتا نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىۋەرگەنلىكتىن ماڭا يېقىنلىشىپ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، ئەگەر مەن بەندەمنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى بولۇپ قالىمەن، ئەگەر بەندەم مەندىن پاناھلىق تىلىسە، مەن ئۇنى ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن، ئەگەر بەندەم مەندىن نېمىنى سورىسا، ئۇنىڭغا بېرىمەن.» (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

## 2. كەڭ مەنىدىكى ئىبادەت

ئىسلام دىنى ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر بىر بۆلۈكى ۋە ھەر بىر تەرەپلىرىگىچە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان دىندۇر. ئىسلامنىڭ غايىسى ۋە مەقسىتى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ھاياتىي پائالىيەتلىرىنى توغرا ئىمان، ساغلام ئەقىدە ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزى رازى بولىدىغان مۇئمىنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَاْ أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسىمەن﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام**

**162 ، 163 ـ ئايەت)**

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ھەر ۋاقىت، ھەر تىنىقلىرىدا ئاللاھنى ياد ئېتىشنى، ئاللاھقا باغلىنىشنى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ساۋاب ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىش تەلەپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىبادەتنى ناماز، روزا، زاكاتتىن ئىبارەت دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان، ئۆز تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاشقا پايدىلىق ئىلىم تەلەپ قىلىش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَنَسٍ ابْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ خَرَجَ فِي طَلَبِ الْعِلْمِ فَهُوَ فِي سَبِيْلِ اللهِ حَتَّى يَرْجِعَ] (رواه ألباني)

**«كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا سەپەر قىلىدىكەن، ئۇ تاكى قايتقۇچە ئاللاھنىڭ يولىدا ھېسابلىنىدۇ» (ترمزي).**

ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزگىلارا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەم ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

**﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 104 ـ ئايەت)**

ئاللاھ چەكلىگەن ھارامدىن يىراق بولۇش نىيىتى بىلەن ھالال كەسىپ تاللاپ شۇغۇللىنىپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى بېقىش ھەم ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**”ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ ھالال كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش يولىدا ھېرىپ ـ چارچىغانلىقىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.“ (دەيلەمى رىۋايەت قىلغان)**

كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل ئىش كۆرۈشمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

**”ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۆز سايىسىدە سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ بىرى ئادىل ھۆكۈمراندۇر.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى، ئايالنىڭ ئېرىنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىشىمۇ ئىبادەت، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەشمۇ ئىبادەت بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[كُلُّكُمْ رَاعٍ وَمَسْئُوْلٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ فَالْإِمَامُ رَاعٍ وَمَسْئُوْلٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ وَالرَّجُلُ فِي أَهْلِهِ رَاعٍ وَهُوَ مَسْئُوْلٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ وَالْمَرْأَةُ فِي بَيْتِ زَوْجِهَا رَاعِيَةٌ وَهِيَ مَسْئُوْلَةٌ عَنْ رَعِيَّتِهَا]

**"سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار ئۆز پادىلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان پادىچىغا ئوخشاشتۇر، ھەر بىرىڭلار ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلار ھەققىدە سورىلىسىلەر. ئەمەلدارمۇ قول ئاستىدىكىلەرگە قارىغۇچى، قول ئاستىدىكىلەر ھەققىدە سورىلىدۇ. ئەر كىشى ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىغۇچى، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ھەققىدە سورىلىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىگە قارىغۇچى، ئۇمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتى ھەققىدە سورىلىدۇ." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەت ۋە ئەل ـ جامائەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشمۇ ئىبادەت، ئاجىزلارغا، مۇھتاجلارغا ياردەم بېرىشمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، مۇسۇلمانىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولۇپ، بەندىلىرى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىنى شۇنداق كەڭ قىلىپ بەرگەن پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىق زاتتۇر.

## 3. ئىبادەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئىسلام دىنىمىزدىكى ئىبادەتلەرنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، تۆۋەندە بىز بۇلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1) بەندە تائەت ـ ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرگەندە پەقەت ئاللاھتىنلا ئەجىر ـ ساۋاب ئۈمىد قىلىشى كېرەك. مانا بۇ تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ تەلىپى بولۇپ، بۇ ئەقىدە ساۋاب ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىبادەتلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدۇ ۋە ئەجىر ـ ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە، دۇنيالىق بىرەر پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى كىشىلەر ئالدىدا ماختىنىش ئۈچۈن ۋە ياكى بەندىدىن قورقۇپ رىيا بىلەن قىلىنغان ئىبادەتلەرگە ھېچقانداق ئەجىر ـ ساۋاب بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىز بەندىلەردىن تەلەپ قىلغان ۋە رازى بولىدىغان ئىبادەتلەر بولسا دەل سۈرە فاتىھەدە

زىكىر قىلىنغان: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ **﴿(ئى رەببىمىز!) بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز﴾ (1 ـ سۈرە / فاتىھە 5 ـ ئايەت)** دېگەن مانا مۇشۇ چۈشەنچە ۋە ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىبادەتلەردۇر. مەشـــھۇر ئالىم فۇزەيل ئىبنى ئىياز بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت ـ ئەمەللەرنى كىشـــىلەر ئۈچۈن قىلىش رىيادۇر، كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنى تەرك ئېتىش شېرىكلىكتۇر، ئاللاھ تائالا ئىخلاس ئارقىلىق سېنى يۇقىرىقى ئىككى خىل گۇناھتىن ساقلايدۇ.

2) ئىســلام شــەرىئىتىدىكى بارلىق ئىبادەتلەر پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ بىلەن بىز بەندىلەر ئوتتۇرىســـىدىكى بىۋاســـتە ئالاقە بولۇپ، ھېچقانداق ۋاســـتىگە، ياردەمچىگە مۇھتاج ئەمەس، بەندە مەيلى قاچانلا بولسۇن، قەيەردىلا بولسۇن ناماز، دۇئا ئارقىلىق بىۋاســـتە ئاللاھقا يۈزلىنەلەيدۇ. ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، مەغپىرەت ـ رەھمەت تىلىگەن كىشـــىگە ھېچكىمنىــڭ ھەمراھلىقى، ياردىمى كېرەك ئەمەس، بەنـدىنىڭ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ قىلغان دۇئاســـى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بىر توسالغۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتىپ قوي) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىندۇرمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن﴾ (2 ـ سۈرە بەقەرە / 186 ـ ئايەت)**

3) بەندىنىڭ ئىبادەتلەرنى خۇزۇئ ـ خۇشـــۇئ ۋە ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشـــى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بىزنى جىسمى نامازغا ھازىر بولسىمۇ قەلبى دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل، قەلبىدە ئىخلاس بولمىغان ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان:

﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾

**﴿نامازنى بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!﴾ (107 ـ سۈرە / مائۇن 4 ـ 5 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**"بەنـدىنىــڭ نامازلىرىدىن پەقەت ھۇزۇرى قەلب ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇلغان نامازلىرىلا قوبۇل قىلىنىدۇ." (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىي)**

بىز دەۋاتقان خۇزۇئ ـ خۇشـــۇئ ۋە ئىخلاس يالغۇز نامازدىلا ئەمەس، روزا، زاكات، ھەج ـ ئۆمرە قاتارلىق ئىبادەتلەردە تەلەپ قىلىنىدۇ.

4) ئىسـلامدىكى ئىبادەتلەر پەقەت قۇرۇق شـەكىل، يۈزەكى كۆرۈنۈشلا ئەمەس، بەلكى ئىبادەتلەرنىڭ تاشـــقى شـــەكلى بىلەن بەندىنىڭ ئىچكى دۇنياســـى زىچ بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئىبادەت ھاسىل بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: نامازنىڭ ئالدىنقى شـــەرتى بولغان تاھارەت ئۆلچىمىدە بەندىنىڭ بەدىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرى پاكىز بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، شـــۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بەندىنىڭ ئۆز روھىيىتىنىمۇ تەۋبە ـ ئىســتىغفار ئارقىلىق گۇناھ ـ مەئسـيەتلەردىن پاكلاپ، ئاللاھقا يۈزلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بەندە ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ تەكبىر ئېيتىپ نامازنى باشـلىغىنىدا، پەقەت تىلىدىلا ئەمەس قەلبىدىمۇ شۇ سۆزنى تەستىقلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مانا شۇ بويىچە، بەندە قىرائەت قىلغاندا، روكۇ ـ سەجدە قىلغاندا، تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا بولسۇن قەلبى ۋە ئوي ـ پىكىرلىرىنىمۇ تەڭ ھازىر قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئـاللاھقـا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئادا قىلغان ئىبادەتلەر مۇكەممەل ئورۇنلانغان ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

5) «قۇرئان كەرىم» نى تەپەككۇر بىلەن ئوقۇغان كىشـگە شـۇ نەرسـە ئايان بولىدۇكى، ئىســلام دىنىمىزنىڭ بارلىق ئەھكام ۋە ئىبادەتلىرىدە ئىنســاننىڭ تاقىتى ۋە تەبىئىتى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنغان بولۇپ، ھەممىســدە ئىنســاننى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

**بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىســـــالامنىڭ ئۆيىگە ئۈچ ئادەم كەلگەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇنىڭ ئىبادەتلىرىنى سورىغان ۋە ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بىز قانـداقمۇ پەيغەمبەر بىلەن تەڭ بولالايمىز؟ ئـاللاھ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسـنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا» دېيىشكەن. ئۇلاردىن بىرى: «بۈنىڭدىن كېيىن مەن كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن» دېگەن. ئىككىنچىســـى: «مەن ئۆمۈر بويى روزا تۇتىمەن، ئېغىز ئاچمايمەن» دېگەن. ئۈچىنچىسى: «مەن توي قىلمايمەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن:**

**«سىلەر مۇنداق، مۇنداق دېدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللاھتىن سىلەردىنمۇ ئارتۇق قورقىمەن، مەن سىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋادارىڭلار بولىمەن، مەن گاھى روزا تۇتىمەن، گاھى**

**ئاغزىم ئوچۇق يۈرىمەن ، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن ، يەنە بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن ، ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن ، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېگەن . (بۇخارى ،مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئىنســـــان ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقىل ۋە ئىلىم بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىلەلىسىمۇ يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ھېكمىتى ۋە سەۋەبىنى بىلەلمەيدۇ. ئىسلامدىكى ئىبادەتلەر دەل ئەنە شۇنداق، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىســـــلەردە بەندە ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئادا قىلىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلسا، نەپسىنى پاكلاپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشـــتىن ئىبارەت ھېكمەتلىرى بايان قىلىنغان. لېكىن، پەرز نامازلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تۆت ۋاق ياكى ئالتە ۋاق ئەمەس بەش ۋاق ئىكەنلىكى، ناماز رەكئەتلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇئەييەن ســـاندا بەلگىلەنگەنلىكى، روزىنىڭ ئىككى ئاي ياكى 15 كۈن ئەمەس بىر ئاي بولۇپ پەرز قىلىنغانلىقى، زاكات نىســـابىنىڭمۇ بىزگە بۇيرۇلغان مىقداردا بولۇپ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى كەم بولمىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بىز تامامەن قادىر ئەمەس. ھەم بۇلارنى بىلىشـــكە ياكى بۇ ھەقتە ئىزدىنىشـــكە بويرۇلغانمۇ ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىبادەتلەر بىزگە قانداق شەكىلدە، قانداق بۇيرۇلغان بولســـا ئىتائەتمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئادا قىلىش ھەر بىرىمىزگە پەرز. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَةَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ اللّهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

**﴿ئەگەر ئاللاھنىڭ ســىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ســانىســاڭلار، ئۇنىڭ ھېســابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ،ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 18 ـ ئايەت)**

ئــاللاھنىــڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى، بىز بەندىلەرگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى ئــالدىدا، بىزگە بۇيرۇغان ئىبادەتلەر گوياكى دېڭىز ســـۈيىنىڭ كىچىككىنە بىر تامچىســــــدۇر. ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە قىلغان چوڭ رەھمىتىدۇركى بەنـدىلەر ئەنە شـــۇ ئىبادەت ئارقىلىق ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى پەرۋەردىگارى بىلەن مۇناجاتلىشـىدۇ. ئىبادەت ئارقىلىق خاتىرجەملىك ۋە بەختكە ئېرىشـــدۇ.

تائەت ـ ئىبادەت بەندىنىڭ ئىمانىنىڭ روشـــەن دەلىلىدۇركى، ئىبادەتنى تەرك ئېتىپ، ئىمان دەۋاسى قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَحَسِبَ النَّاسُ أَن يُتْرَكُوا أَن يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ﴾

**﴿ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي قېلىۋېرىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىغان. ئاللاھ راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ. يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾ (29 ـ سۈرە / ئەنكەبۇت 2 ـ 3 ـ ئايەت)**

ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنى تېنچ ـ ئامان خاتىرجەم ئۆزىتىۋالدۇق. رامىزاندىكى ھەرخىل پائالىيەتلىرىمىزنى ئاللاھ رازى بولغۇدەك، جامائەت رازى بولغۇدەك، تەشكىل رازى بولغۇدەك ھالدا تاماملىۋالدۇق. ئىبادەتلىرىمىزنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلغاي!

بىز رامىزاندىكى مەيلى تاراۋىھ نامىزى بولسۇن، جۈمە نامىزى بولسۇن، خەتمە تامام بولغان كۈندىكى دۇئا ـ تىلاۋەتتە بولسۇن، ۋە ياكى ھېيت نامىزى بولسۇن، ھەممىسىدە جامائەت، مەسجىد دېمكوراتىك باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى ۋە ھەر دەرىجە ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئۆزئارا زىچ ماسلىشىش، ئۆزئارا قوللاش نەتىجىسىدە تېنچ ـ ئىتتىپاق ھەم ھۆكۈمەت رازى، ھەم دىنى ساھە رازى، ھەم كەڭ جامائەت رازى بولغان ھالدا ئوڭۇشلۇق تاماملىۋالدۇق.

جامائەتلىرىمىزدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، بۇندىن كېيىنمۇ بۇخىل ئىتتىپاقلىق، بىرلىكىمىزنى ساقلاپ، ئۆزئارا قوللاپ، بىرلىكتە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى.

ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىمىزنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى بەخت دەپ بىلىدىغان، قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇستەھكەم ئېسىلىپ ھاياتىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سائادەتمەن بەندىلەردىن قىلىشنى تىلەيمىز. ئامىن!

# تەۋھىد ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ للهِ عَلَى كُلِّ حَالِ الْمَوْصُوفِ بِصِفَاتِ الْعَظَمَةِ وَالْجَلَالِ الْأَحَدِ الصَّمَدِ الْحَيِّ الْقَيِّمِ الْكَبِيْرِ الْمُتَعَالِ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى وَالصِّفَاتِ الْعُلَا وَالْمَجْدُ وَالْكَمَالُ وَأَشْهَدُ أَنْ لَا إِلٰهَ إِلا الله وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ تَنَزَّهَ عَنِ الشَّرِيْكِ وَالنَّدِيْدِ وَالْمِثَالِ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ قُدْوَةُ الْعِبَادِ فِي النِّيَاتِ وَالْأَقْوَالِ وَالْأَفْعَالِ صَلَّى الله وَسَلَّمَ وَبَارَكَ عَلَيْهِ وَعَلَى الصُّحُبِ وَالْآلِ. أما بعد:

## تەۋھىد ھەققىدە چۈشەنچە

«تەۋھىد» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «شەيئىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلمەك» دېگەنلىك بولىدۇ. دىنىي ئاتالغۇ مەنىسى «ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنىپ، ئۇنىڭ زاتىغا، سۈپەتلىرىگە، قۇدرىتىگە تەستىق قىلغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلماق» دېگەنلىك بولىدۇ. تەۋھىد يەنە «ئەقىدە»، «ئېتىقاد» ۋە «ئىمان» قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى تەۋھىد ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تەۋھىد دېگىنىمىز، ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش، كىتابلىرىغا ئىشىنىش، پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ۋە تەقدىرگە ئىشىنىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

شەرىئەت ئەھكاملىرى دېگىنىمىز، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بېكىتىپ بەرگەن پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب، ھالال، ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھ قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئاشۇ بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئىجتىمائىي جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە كىشىلىك ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇۋالايدۇ.

# تەۋھىد ئىلمى ھەققىدە

تەۋھىد دېمەك ئەقىدە دېمەكتۇر. ئەقىدە ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىغا، تۇرمۇشتىكى بارلىق ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى جايىدا ئورۇنلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان، بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىز پەرز بولغان بىر ئىلىم بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى بىلىۋېلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئىسلامدىكى بارلىق ئەمەللەر بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشىسا، ئىمان ئۇنىڭ يىلتىزىدۇر. مۆئمىنىنىڭ ئىسلامغا بولغان بارلىق بىلىملىرى قەد كۆتۈرگەن بىر بىنا بولسا، ئەقىدە شۇ بىنانىڭ تەۋرەنمەس ئۇلىدۇر.

ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان، تونۇشتۇرغان نەرسىسىنىڭ شەرىپى قانچىلىك بولۇشىغا باغلىق بولغان بولسا، بىر مۇسۇلماننىڭ ياراتقان ئىگىسىنى، ئىسلامنى تونۇۋېلىشىغا ئالاقىدار بولغان ئەنە شۇ ئەقىدە ئىلمى ئەڭ شەرەپلىك ئىلىمدۇر.

ئىسلامدىكى ئەقىدىنىڭ مۇھىملىقى ئىنسانغا نىسبەتەن روھقا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىمان ۋە ئەقىدىنى ھايات ۋە نۇرغا ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەن:

﴿أَوَ مَنْ كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَاهُ وَجَعَلْنَا لَهُ نُورًا يَمْشِي بِهِ فِي النَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُ فِي الظُّلُمَاتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَا كَذَلِكَ زُيِّنَ لِلْكَافِرِينَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴾

**﴿ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كافىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم بىلەن زۇلمەتتە قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم ئوخشاشمۇ؟ كافىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 122 ـ ئايەت)**

ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ ساغلام تەبىئىتىنىڭ تۈپ ئېھتىياجىدۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دېگەن:

﴿ وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُواْ بَلَى شَهِدْنَا﴾

**﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار**

**ئەمەسـمۇ؟» دېگەندى . ئۇلارمۇ :«ھەئە ، سـەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسـەن ، بىز گۇۋاھلىق بەردۇق»دېگەندى ﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 172 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ اَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ : «كُلُّ مَوْلُودٍ يُوْلَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ»] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئىنسان ئەۋلادىنى ئاللاھنى تونۇشتىن ئىبارەت توغرا ئەقىدە (ساغلام خاراكتېر) ئۈستىدە يارىتىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خرىستىيئان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ».**

## تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى

ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق دىن بولۇپ، كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش قارىغۇلارچە بولماستىن، بەلكى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن بولىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش بىر قانچە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھنى تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا بىز ئاللاھنى قانداق تونۇيمىز؟ ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسى نېمە؟

ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى ھەممە مۆجىزاتلارنى ياراتقۇچى بولۇپ، پەقەت «قۇرئان كەرىم»دە مەلۇم بولغان ۋە ئاللاھنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ياراتقان مۆجىزىلىرى ئارقىلىقلا بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، شۇ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەممە جايدا داۋاملىق مۇستەسناسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى «پۈتكۈل ئالەمنى بىرلا ئاللاھ ياراتقان» لىق قىممەت قارىشى بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىمۇ «ھەممىنىڭ ئىگىسى بىرلا ئاللاھ» دېگەن پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. بىز شۇ بىرلىك ئاساسىدا ئاللاھنى تونۇشقا مۇيەسسەر بولالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تەۋھىدنىڭ ئۈچ مۇھىم

نۇقتىنى مەھكەم ئىگىلىشىمىز ۋە تونۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

**1. تەۋھىدى رۇبۇبىيەت**

ئاللاھ تائالا ھەممە شەيئىنىڭ پەرۋەردىگارى، پەرۋىش قىلغۇچىسى، ئاللاھتىن باشقا پەرۋەردىگار، پەرۋىش قىلغۇچى يوق دەپ چىن ئېتىقاد قىلىش، يەنى مەخلۇقاتلارنى يارىتىش، ئۇلارغا رىزىق بېرىش، ئۇلارغا ھاياتلىق بەخش ئېتىش، ئۇلارغا ئەجەل يەتكەندە ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىش قاتارلىق ئاللاھقا خاس ئىشلاردا ئاللاھنى يەككە ـ يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش.

**2. تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت**

ھەقىقىي ئىلاھ بىرلا، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ چىن قەلب بىلەن ئېتىقاد قىلىش، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، يەنى ناماز، روزا، ھەج، زاكات ۋە ئاللاھ تائالا بىزگە بۇيرۇغان ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئىبادەتلەرنى ھېچقانداق غەرەز ئارىلاشمىغان ھالدا يالغۇز ئاللاھ ئۇچۇنلا قىلىش.

**3. تەۋھىدى ئەسمائى ۋەسسفات**

ئاللاھ تائالانى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدە يېگانە دەپ بىلىش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿هُوَ اللهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ هُوَ اللهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ هُوَ اللهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

**﴿ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، ئۇ مۇتلەق پادىشاھتۇر، ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر، ساغلاملىق ئىگىسىدۇر، ئەمىنلىك ئاتا قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، مۇشرىكلار شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر، ئاللاھ ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە شەكىل بەرگۈچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەممىدىن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ (59 ـ سۈرە / ھەشىر 23 ـ ، 24 ـ ئايەت)**

## تەۋھىد دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشنىڭ ئاساسى

ئىسلام دىنىدا ئىمان تىلدا ئىقرار قىلىش، دىلدا تەستىق بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىمان كەلتۈرۈش بۇ ئىككىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەلىمە تەييىبە بولسا «لا إله إلا الله محمد رسول الله» (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ؛ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. « لا إله إلا الله » (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ) دېگەنلىكى كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىخلاسىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىنى، ئاللاھنى يەككە ـ يېگانە دەپ بىلىشىنى، چىن ئىخلاس بىلەن پەقەت بىر ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىنى تەقەززا قىلىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا « لا إله إلا الله » (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ)نىڭ مەنىسى شۇكى، پۈتۈن كائىناتتا ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىشنىڭ ھەممىسى باتىل ئىبادەت، پەقەت يەككە ـ يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشلا توغرا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِلَـهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ﴾

**﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 163 ـ ئايەت)**

﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر﴾ (47 ـ سۈرە / مۇھەممەد 19 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (ئىلاھ) نىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىش بۇيرۇق شەكلىدە قەتئىي تەلەپ قىلىنغان، ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى ئەقلىي ھەم نەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق دەلىللەنگەن. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار،**

ماگا ئەگەشكەنلەر، شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 31 ـ ئايەت)

بىز يەنە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھقا بويسۇنۇش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ پۈتۈن كائىناتنى پىلانلىق رەۋىشتە ياراتقانلىقىغا ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىلىم قۇدرىتى ئارقىلىق خالىغان مىقداردا سەرپ ئېتىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئالەمنىڭ تەربىيەچىسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پەرۋىش قىلغۇچى ۋە ياراتقۇچىنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز، كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىغا، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز، پۈتكۈل كائىناتتا ئاللاھنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقلۇقىغا، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ بەندىلەرنىڭ نىجاتلىقىقا ئېرىشىشى (تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر) پەقەت «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفكە مۇجەسسەملەشكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾

**﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 62 ـ ئايەت)**

﴿هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

**﴿ئاللاھ ھەممە نەرسە يوق ۋاقتىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى، ھەممە نەرسە يوقالغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇتتۇر، (دەلىللەر بىلەن) ئاشكارىدۇر، كۆزلەرنىڭ كۆرۈشىدىن مەخپىيدۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ (57 ـ سۈرە / ۋاقىئە 3 ـ ئايەت)**

1. تەۋھىد كىشىلەردە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولىدىغان، ئازابىدىن قورقىدىغان، ھالال ـ ھارام چېگراسىنى ئېنىق ئايرىيدىغان، داۋاملىق ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن ئىلاھىي بايانلارغا قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئەمەل قىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

2. تەۋھىد كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا

تەپەككۇر قىلىشقا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ھېكمەتنى تونۇشقا يېتەكلەيدۇ.

3. تەۋھىد كىشىلەردە ھاياتىي دۇنيا بىلەن مەغرۇرلانمايدىغان، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان، باشقىلارغا ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇق قىلمايدىغان، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ساغلام بولغان ئەڭ گۈزەل مۇھىت يارىتىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

4. ئەگەر ئىلمى تەۋھىد توغرا يوسۇندا ياخشى ئۆگىنىلمىسە، ئېتىقاد بۇزۇلۇپ، يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئۆزلۈكسىز كۆپىيىدۇ، كىشىلەر قەلبىنى غەشلىك، خاتىرجەمسىزلىك قاپلايدۇ.

5. تەۋھىد كىشىلەرنى بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىش، بىر كىتابقا ئەمەل قىلىش، بىر پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ۋە بىر قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتىنى ئورتاق قولغا كەلتۈرۈشكە شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

6. تەۋھىد ياخشى ئەمەللەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېسابسىز بەرىكەتلىرىنى كىشىلەر ئارىسىغا چاچىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ رَبَّكُمُ اللهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومَ مُسَخَّرَاتٍ بِأَمْرِهِ أَلاَ لَهُ الْخَلْقُ وَالأَمْرُ تَبَارَكَ اللهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾

**﴿ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھتۇركى، ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە مۇستەۋى بولدى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى يېپىپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدىغان (يەنى داۋاملىق ئالمىشىپ تۇرىدىغان) قىلدى، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندىغان قىلىپ ياراتتى، بىلىڭلاركى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەشكارى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى كاتتىدۇر﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 54 ـ ئايەت)**

كائىناتتىكى ھەممە نەرسە نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كائىناتتىكى ھەممە شەيئى ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كېلەلمەيدۇ، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدۇ، ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا

چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئالتۇننىڭ قىممىتى يۇقىرى، بۇ ئۇنىڭ ئىسىل تەرىپى، ئەمما ئۇنىڭ جىنى يوق، مۇشۇ جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام مىڭ يىلغا يېقىن ئۆمۈر كۆرگەن پەيغەمبەر بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھالقىپ كەتكەن، بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە تەرىپى، لېكىن ئۇ پانىي ئالەمدە ئەبەدىي ياشىيالمىدى، ھاياتلىق جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىدى...

ئاللاھ تائالا ھەممە جەھەتتە مۇتلەق كامىل بولۇپ، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى ئۇ بارلىق شەيئىلەردىن ھالقىغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ كائىناتتىكى ھەممىنى يارىتىشقا قادىر، شۇڭا ئاللاھ بارلىق مەۋجۇداتلار مۇھتاج بولىدىغان، تايىنىدىغان بىردىنبىر پەرۋەردىگارىمىزدۇر. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

**﴿مەن جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇلچىلىق قىلسۇن دەپلا ياراتتىم﴾ (51 ـ سۈرە / زارىيات 56 ـ ئايەت)**

بۇنداق ئايەتلەر «قۇرئان كەرىم» دە نۇرغۇن يەردە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى ئىزدەش، ئاللاھنى تونۇش ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشتەك ھەقىقەت ئېچىپ بېرىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئاللاھ بەرگەن ئەقىل بىلەن تەپەككۇر قىلىشىمىزغا، شۇنداقلا قۇرئاندىكى مۆجىزىلەر ۋە تەبىئەت دۇنياسىدا ئاللاھنىڭ ياراتقان كارامەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بىرلىك بارلىقىنى بىلىشىمىزگە زور ئاساس سالىدۇ.

ئاللاھ ئىنسانغا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئەقىل ـ ئىدراك بەردى ھەمدە شۇ ئەقىل ـ ئىدراكنى ئىشلىتىپ دۇنيادىكى مۆجىزىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە، بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى، ئىنساندا ئەقىل ـ ئىدراك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەقىقەتنى ئىزدەشكە ئىنتىلىدۇ، كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشقا، ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. ئىسلام دىنى بولسا دەل ئاللاھنىڭ ھەقىقەتتىن باشلىنىدۇ، كىشىلەر كائىناتتىكى تۈمەنلىگەن نەرسىلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۇلار ئۈستىدە توغرا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان قائىدە ـ قانۇنلىرىنى ئىگىلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى،

ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقلۇقىنى بىلەلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تونۇش ئىماننىڭ ئاساسىدۇر، «ئىخلاس سۈرىسى» بولسا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى مۇجەسسەملىگەن جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ اللَّهُ الصَّمَدُ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد! سەن مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، (مەن ئىبادەت قىلىدىغان ھەم سىلەرنى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىۋاتقان) ئۇ ئاللاھ يەككە ـ يېگانىدۇر. ئاللاھ ھېچقانداق مەخلۇققا موھتاج ئەمەس، ھەممە مەخلۇقات ئاللاھقا موھتاجدۇر. (مەخلۇقاتلارغا خاس سۈپەتلەردىن پاك) ئاللاھ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾ (112 ـ سۈرە / ئىخلاس)**

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[لِكُلِّ شَيْءٍ نُورٌ، وَنُورُ الْقُرْآنِ «قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ»]

**"بەرھەق، ھەربىر شەيئىدە نۇر بولىدۇ، «قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇرى ئىخلاس سۈرىسىدۇر."**

ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى نۆۋەتلىشىدىغان، كۈن، ئاي ۋە يەر شارىنى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا مۇقىم ئايلىنىدىغان قىلىپ ياراتتى؛ كىشىلەرنى ھەر خىل تىلدا، ھەر خىل ئىرقتا يارىتىپ ئۇلارنى خىلمۇخىل جايلاردا تۇرغۇزدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، شۇنداقلا پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر، كىشىلەرنىڭ ئەقلى قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىلارغا بولغان چۈشەنچىسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، كەڭ كائىناتنىڭ سىرىغا، ئىنسانلار دۇنياسىغا بولغان تونۇشى شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاللاھ پەقەت بىرلا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلىكى ئادەتتىكى سان بىلەن ئەمەستۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر. بۇ ھەقتە مۇنداق ئەمەلىي مىساللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: بىزگە ۋاقىتتىن خەۋەر بېرىدىغان سائەتنىڭ رىتىملىق چىكىلىدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ سائەتنى ياسىغان قولى گۈل ئۇستىلارنى ياد ئېتىمىز: ئۆي ـ ئىمارەت، تاشيول، تۆمۈر يول، ئايروپىلان، راكېتىلارنى كۆرۈپ ھەرگىزمۇ ئۇنى تەبىئىي بار نەرسە دەپ قارىماستىن، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى دەپ بىلىمىز: بىز ياشاۋاتقان يەر شارى ھەر مىنۇت، ھەر سېكونت ئۆز ئوقى ئەتراپىدا قانۇنىيەتلىك ئايلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەتىياز، ياز، كۈز،

قىش بولىدۇ، بۇلارنى كىم باشقۇرۇپ تۇرىدۇ؟ يەنە قۇياش سىستېمىسى، سامانيولى سىستېمىسى ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرى تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنداقتا بۇ غايەت زور ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى كىم تىزگىنلەپ تۇرىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، ناۋادا بۇلار ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولمايدىكەن، كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئۆز قانۇنىيىتىنى يوقىتىدۇ ـ دە، دۇنيامۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا، ئاسمان ـ زېمىننىڭ قانۇنىيەتلىك يارىتىلىشىنى كۆزىتىدىغان بولساقلا، ئۇنى ياراتقان ئىگىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاءُ وَمَن يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 48 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟ دەپ سورالغان جاۋابقا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: [ أَنْ تَجْعَلَ لِلَّهِ نِدًّا وَهْوَ خَلَقَكَ ]

**«سېنى ئاللاھ تائالا ياراتقان تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ»**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، (مېنىڭ ئالاھىدىلىكىم شۇكى) ماڭا: سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ، كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقەت بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾ (18 ـ سۈرە / كەھف 110 ـ ئايەت)**

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا ئىشەنمەسلىك، قىيامەتنى ئىنكار قىلىش، ناماز، روزا، ھەج، زاكات قاتارلىقلارنى ئىنكار قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى چوڭ بىلمەسلىك، شۇنداقلا گۇناھلارنى كىچىك

ساناش چوڭ گۇناھلار ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزگەنلەر دىندىن چىققان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش شۇ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، ئاللاھ مۇنداق كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿مَن يُشْرِكْ باللّهِ فَقَدْ حَرَّمَ الله عَلَيهِ الْجَنَّةَ﴾

**﴿كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 72 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَنْ ماتَ يُشْرِكُ بِهِ شَيْئاً، دَخَلَ النَّارَ] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**"كىمكى ئاللاھ تائالاغا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلىدىكەن ئۇ ئادەم دوزاخقا كىرىدۇ." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ قَالَ كُنْتُ رِدْفَ النَّبِيِّ صَلىَّ اللّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى حِمَارٍ فَقَالَ : يَا مُعَاذُ هَلْ تَدْرِي مَا حَقُّ اللّهِ عَلَى عِبَادِهِ، وَمَا حَقُّ الْعِبَادِ عَلَى اللّهِ؟ قَلْتُ : اللّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. قَالَ: فَإِنَّ حَقَّ اللّهِ عَلَى الْعِبَادِ أَنْ يَعْبُدُوهُ، وَلاَ يَشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً وَحَقَّ الْعِبَادِ عَلَى اللّهِ أَنْ لاَ يُعَذِّبَ مَنْ لاَ يَشْرِكُ بِهِ شَيْئًا، فَقَلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ، أَفَلاَ أُبَشِّرُ النَّاسَ؟ قَالَ: لاَ تُبَشِّرْهُمْ فَيَتَّكِلُوا] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىكىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ كېتىۋاتاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ئى مۇئاز، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىدىكى ھەققى نېمە ۋە بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا ئۇستىدىكى ھەققى نېمە، بىلەمسەن؟ دېدى. مەن: بۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىدىكى ھەققى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىكى ھەققى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابلىماسلىقىدۇر، دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەرگە بۇنىڭ بىلەن خۇش بېشارەت بەرمەيمۇ؟، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: خۇش بېشارەت بەرمىگىن، ئۇلار بۇنىڭغا يۆلىنىۋالمىسۇن، دېدى." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

ئاللاھ تائالا بىزگە ئەقىل ئىدراكىنى بەردى، بىزنى ئاڭسىز مەخلۇقلاردىن ئۇستۇن قىلىپ ياراتتى، بىز شۇ ئارتۇقچىلىقىمىز بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە

نەرسىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز. بىز يەنە ئاللاھ تائالا بەرگەن شۇ ئەقىل بىلەن يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتالايمىز ۋە يارىتىشقا پۈتۈنلەي قادىرمىز، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ھەقىقىي دىن بولغان ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشكە، ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ تونۇشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ بىلىشكە دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەن.

ئاللاھ كىشىلەرنىڭ دۇنيادا ياخشى ـ يامان ئىشلىرىغا قارىتا ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾

**﴿بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن (قەبرىلىرىدىن) توپ ـ توپ بولۇپ چىقىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾ (99 ـ سۈرە / زەلزەلە 6~8 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتىن ئاللاھنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ھەم ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، بىز ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قالماسلىقىمىز، ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ياخشى، خەلققە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾

**﴿ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، كائىناتنىڭ تەرتىپى ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى. ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلار سۈپەتلىگەن سۈپەتلەردىن پاكتۇر﴾ (21 ـ سۈرە / ئەنبىيا 22 ـ ئايەت)**

بىز يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن دۇنيادا پەقەت بىرلا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرخىل زىددىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى خاتىرجەملىككە، بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقە دەپ ئايرىمايدىغان، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقى بولمىغان بىرخىل تىنچ جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

بىز ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشىمىز لازىم. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **«سىلەر ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىڭلار»** دەيدۇ. بىز ئاللاھنىڭ بىر ئاجىز بەندىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئاللاھ تاپشۇرغان ئەمەللەرنى ياخشى ئادا قىلىپ، بۇ قىسقىغىنا ئۆمرىمىزدە ئاللاھ ئۈچۈن كۆپلەپ ئىبادەت قىلىشىمىز، كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرى ئارقىلىق ئاللاھنى تونۇشىمىز، ئاللاھنى ئۆز ئالىي سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشىمىز ھەم بۇ توغرا يولدىن ئادىشىپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ تونۇشنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى ۋە ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا تۇنجى بولۇپ تەۋھىد كەلىمىسىگە چاقىرىق قىلغان. تەۋھىد ئۇلارنىڭ قىلغان دەۋىتىنىڭ تۈپ نېگىزى بولغان. تەۋھىد ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ مۇھىم ئەمىر ـ پەرمانلىرىدىن بولۇپ، ئەمەللىرىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇشىدىكى تۈپ ئاساستۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهُ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ﴾

**﴿بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾ (16 ـ سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت)**

تەۋھىد ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ھەققىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

[ إِنَّ حَقَّ اللهِ عَلَى الْعِبَادِ أَنْ يَعْبُدُوْهُ وَلَايُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً ]

**"ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەردىكى ھەققى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىدۇر."**

تەۋھىد يەنە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان ئەڭ كاتتا نېئمەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى

نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاتَّبَعْتُ مِلَّةَ آبَآئِـي إِبْرَاهِيمَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ مَا كَانَ لَنَا أَن نُّشْرِكَ بِاللّهِ مِن شَيْءٍ ذَلِكَ مِن فَضْلِ اللّهِ عَلَيْنَا وَعَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَشْكُرُونَ﴾

**﴿يۇسۇف ئېيتتى: مەن ئاتا ـ بوۋىلىرىم ـــ ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى شۈكۈر قىلمايدۇ﴾ (12 ـ سۈرە / يۇسۇف 38 ـ ئايەت)**

تەۋھىد دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەم بولۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبىدۇر. قەلبىدە زەررە چاغلىق ئىمان بار كىشى گەرچە گۇناھلىرى سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرىپ قالسىمۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بن مسعود عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : لَا يَدْخُلُ النَّارَ يَعْنِي مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ مِنْ إِيمَانٍ]

**"قەلبىدە زەررە چاغلىق ئىمان بولغان كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ." (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

ئاللاھنى بىر دەپ تونۇپ توغرا يولغا ماڭغان كىشى ئىككىلا دۇنيالىقتا ئەمىنلىككە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُواْ إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَـئِكَ لَهُمُ الأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾

**﴿ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا كۇفرلىق ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە ئەمىنلىك باردۇر. ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 82 ـ ئايەت)**

تەۋھىد بەندىلەرنى مەخلۇققا قۇلچىلىق قىلىشتىن، مەخلۇققا يېلىنىشتىن، ئۇنىڭدىن قورقۇشتىن ۋە ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىش خارلىقىدىن ئازاد قىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئىززەت ۋە ئالىي شەرەپتۇر. ھەقىقەتەن بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى ئىبادەتلەر مەقبۇل بولۇشى ۋە تاكامۇللىشىشى تەۋھىدكە باغلىق بولىدۇ. تەۋھىد ۋە ئىخلاس كۈچەيگەنسېرى بارلىق ئەمەللىرىمىز مۇكەممەللىشىدۇ.

ساپ تەۋھىد ئىنساننى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە يېتەكلەيدۇ ۋە مۇسىبەت يەتكەندە سەۋر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئىمانى ۋە تەۋھىدى ساپ بولغان كىشى ئۆز رەببىنىڭ ساۋابى ۋە رازىلىقىنى ئۈمىد

قىلغانلىقى ئۈچۈن، تائەت ـ ئىبادەت ئۈنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ گۇناھ مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلمايدۇ.

دېمەك تەۋھىد دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشنىڭ ئاساسى، ئىسلام ئۇممەتلىرىنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇلىدۇر. شېرىك ۋە خۇراپاتلىق بولسا بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبى، بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقچىلىكنىڭ مەنبەسىدۇر.

تەۋھىد مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە تىكىلگەن بىر تۈپ كۆچەت. ئۇ پەقەت تائەت ـ ئىبادەت سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغاندىلا بۈك ـ باراقسانلىشىپ مەزمۇتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇش ئىشەنچى ئاشىدۇ. ھەممە ئىشلىرىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىغان بولىدۇ.

## قانداق قىلغاندا تەۋھىدنى قەلبىمىزدە مۇستەھكەم ئورنىتالايمىز؟

1. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى كاتتا نېئمەتلەرگە رىغبەتلىنىپ، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى تەرك ئېتىشىمىز لازىم.

2. ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇ سۈپەتلەرنىڭ مەنتىقىلىق چۈشەنچىلىرىنى ئىلمىي تونۇشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «ئى رەببىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 190 ـ ،191 ـ ئايەت)**

3. جانلىق ئىزدىنىپ، بىلىم ئىگىلەپ، ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئەمەل

قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ الْعِلْمُ عِلْمَانِ: عِلْمٌ فِي الْقَلْبِ فَذَلِكَ الْعِلْمُ النَّافِعُ، وَعِلْمٌ عَلَى اللِّسَانِ فَذَلِكَ حُجَّةُ اللهِ عَزَّ وَجَلّ عَلَى ابْنِ آدَمَ ]

**"ئىلىم ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى قەلبتىكى ئىلىم، ئۇ پايدىلىق ئىلىم. يەنە بىر تىلدىكى ئىلىم، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەۋلادلىرى ئۈستىدىكى ھۆججىتىدۇر." (تېرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

4. مۇسۇلمان بولۇشقا شەرت قىلىنغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغانلىقنىڭ سىرتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەندەك نەپلە ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشىمىز، قەلبىمىز ۋە تىلىمىز بىلەن داۋاملىق ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشىمىز، ئاللاھ تائالا بىلەن قەلبىمىز ئارىسىنى توسۇپ تۇرىدىغان بارلىق ئىشلاردىن يىراق بولۇشىمىز لازىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، بەندەم ماڭا زىكىر ئېيتىپ، ئىككى لېۋى مىدىرلاپلا تۇرسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن» (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

5. ئاللاھ تائالانىڭ بىز ھېس قىلالىغان ۋە ياكى ھېس قىلالمىغان نېئمەتلىرى ئۈستىدە، ئۇنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە قىلغان ئىنئامى ۋە ياخشىلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾

**﴿ئاللاھ سىلەرگە تىلىگەن نەرسەڭلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردى. سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾ (14 ـ سۈرە / ئىبراھىم 34 ـ ئايەت)**

شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولۇشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتىگە نائىل بولغاندا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَالَ الَّذِي عِندَهُ عِلْمٌ مِّنَ الْكِتَابِ أَنَا آتِيكَ بِهِ قَبْلَ أَن يَرْتَدَّ إِلَيْكَ طَرْفُكَ فَلَمَّا رَآهُ مُسْتَقِرًّا عِندَهُ قَالَ هَذَا مِن فَضْلِ رَبِّي لِيَبْلُوَنِي أَأَشْكُرُ أَمْ أَكْفُرُ وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيٌّ كَرِيمٌ﴾

**﴿ساماۋى كىتابتىن چوڭقۇر بىلىم ئالغان بىرەيلەن: «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋىدى، تەخت دەرھال سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلەيمان ئۇ تەختنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ**

**پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان ئېھسانىدۇر. كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن) بىھاجەت، كەرىمى كەڭ زاتتۇر»﴾ (27 ــ سۈرە / نەمل 40 ــ ئايەت)**

مۇسىبەتكە دۇچار بولغاندا بولسا سەۋر قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازىلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُل لَّن يُصِيبَنَا إِلاَّ مَا كَتَبَ اللهُ لَنَا هُوَ مَوْلاَنَا وَعَلَى اللهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾

**﴿ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى كېلىدۇ، ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن»﴾ (9 ــ سۈرە / تەۋبە 51 ــ ئايەت)**

**6.** ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيرًا﴾

**﴿سىلەرگە ــ ئاللاھتىن، ئاخىرەت كۈنىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾ (33 ــ سۈرە / ئەھزاب 21 ــ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمىدە كۆرسىتىلگەندەك، بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشىمىز، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن ۋە سالىھ بەندىلىرىگە كۆپرەك ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆزى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن مەنپەئەتلىنىشىمىز لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[اَلرَّجُلُ عَلَى دِينِ خَلِيْلِهِ، فَلْيَنْظُرْ أَحَدُكمْ مَنْ يُخَالِلُ]

**"كىشىنىڭ دىيانىتى دوستىنىڭ دىيانىتىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار كىم بىلەن دوستلىشىدىغانلىقىغا قارىسۇن." (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

7. بىھۇدە سۆز ۋە پائالىيەتلەردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ باللهِ وَالْيوْمِ الآخِرِ، فلْيقُلْ خيراً أَوْ لِيَصمُتْ] (رَوَاهُ الْمُسْلِم)

**"كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى پاكلىشىمىز لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ اللّٰهَ طَيِّبٌ لا يَقْبَلُ إِلاَّ طَيِّباً، وَإِنَّ اللّٰهَ أَمَرَ الْمُؤْمِنِينَ بِمَا أَمَرَ بِهِ الْمُرْسَلِينَ، فَقَالَ تَعَالَى: (يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحاً وَقَالَ تَعَالَى: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنَ طَيِّبَات مَا رَزَقْنَاكُمْ) ]

**”ئى كىشىلەر! ئاللاھ پاكتۇر، پاك نەرسىنىلا (ھالالنى) قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە نېمىنى بۇيرۇغان بولسا، مۇئمىنلەرگىمۇ شۇنى بۇيرۇدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر، ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەلنى قىلىڭلار﴾، دېگەن بولسا، مۇئمىنلەرگە: ‹ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار› (23 ـ سۇرە 51 ـ ئايەت)، دېدى.“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېدى:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَاشْكُرُواْ لِلّٰهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار﴾ (2 ـ سۇرە / بەقەرە 172 ـ ئايەت)**

8. گۇناھ ئۆتكۈزگىنىمىزدە دەرھال ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا كاپپارەت بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىمىز لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[إِنَّ الْمُؤْمِنَ، إِذَا أَذْنَبَ، كَانَتْ نُكْتَةٌ سَوْدَاءُ فِي قَلْبِهِ فَإِنْ تَابَ وَنَزَعَ وَاسْتَغْفَرَ، صُقِلَ قَلْبُهُ فَإِنْ زَادَ زَادَتْ]

**”شۈبھىسىزكى، مۇئمىن كىشى گۇناھ قىلسا ئۇنىڭ قەلبىدە قارا داغ پەيدا بولىدۇ. ئەگەر گۇناھىدىن يېنىپ تەۋبە قىلىپ مەغپىرەت تەلەپ قىلسا ئۇنىڭ قەلبى پارقىرايدۇ. ئەگەر گۇناھىنى يەنە قىلىۋەرسە قارا داغ كۆپىيىدۇ“ (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

مانا شۇ ئىش ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا زىكىر قىلغان قارىداپ كېتىش بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِم مَّا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾

**﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كۆڭلى قارا بولۇپ كەتكەنلەردۇر﴾ (83 ـ سۇرە / مۇتەففىفىن 14 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ :

﴿وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللّٰهِ مَتَابًا﴾

**﴿كىمكى تەۋبە قىلىدىكەن ۋە قىلمىشىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدۇ﴾ (25 ـ سۈرە / فۇرقان 71 ـ ئايەت)**

9. قەلبىمىزنى ئۆچمەنلىك، ھەسەت، كىبىر قاتارلىق مەنىۋى كېسەللەردىن پاكلىشىمىز، خالى بولۇشىمىز، ئۆزئارا دوستانە، ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشىمىز لازىم. ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھتىن كىشىلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ پەزىلەتلىك دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

[هُوَ التَّقِيُّ النَّقِيّتُ لاَ إِثْمَ فِيهِ وَلاَ بَغْيَ وَلاَ غِلَّ وَلاَ حَسَدَ]

**"تەقۋادار، پاك ـ دىيانەتلىك، گۇناھ قىلمايدىغان، باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان، قەلبىدە ئۆچمەنلىك، ھەسەت بولمىغان راستچىل كىشىلەر." (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

10. ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

**﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 104 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەپ، يامان ئىشلاردىن چەكلىشىمىز لازىم.

دېمەك، تەۋھىد ئىنسان قەلبىدە مۇكەممەللەشسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئىماننى ھەممىدىن سۆيۈملۈك كۆرسىتىپ، ئۇنى دىلىدا كۆركەم قىلىدۇ. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىرگەندۈرۈپ توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ قاتارىدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئازغىنە ئەمەللىرىنى كۆپ ھېسابلاپ، ئەجىر ـ ساۋابىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ.

ئەنە شۇ تەۋھىدلا بىز مۇسۇلمانلارنى كەڭ قورساق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، يارامىلىق، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناقلىقى ۋە تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشالايدىغان كىشىلەردىن قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزگە مۇستەھكەم تەۋرەنمەس ئىمان ئاتا قىلغاي! بۇ دۇنيادىن ئىمان بىلەن كېتىشىمىزنى نېسىپ قىلغاي، ئامىن!

# ئىسلام دىنى كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

اِنَّ الْحَمْدَ للهِ نَحْمَدُهُ وَنَسْتَعِينُهُ وَنَسْتَغْفِرُهُ وَنَتَوَكَّلُ عَلَيْهِ وَنَعُوذُ بِاللهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا مَنْ يَهْدِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ومَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ نَشْهَدُ أَنْ لاَ اِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَنَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وَمَنْ تَبِعَهُ اِلَى يَوْمِ الدِّينِ أَمَّا بَعْدُ:

ئاللا تائالا مۇنداق دەيدۇ :

﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّـهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا وَاذْكُرُوا نِعْمَتَ اللَّـهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَاءً فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا وَكُنتُمْ عَلَىٰ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ النَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَا كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ اللَّـهُ لَكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾

**﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار؛ سىلەر چوڭقۇر دوزاخنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە مانا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 103 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتتە دەپ ئۆتۈلگىنىدەك ئىتتىپاقلىق ئىجاتلىقتا ئىرىشىشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بىز مۇسۇلمانلاردىن كۈتكەن تەلىپى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت ۋە دوزاختىن ئوتتىدىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاچقۇچى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

"عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : لاَ تَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ حَتَّى تُؤْمِنُوا وَلاَ تُؤْمِنُوا حَتَّى تَحَابُّوا أَلاَ أَدُلُّكُمْ عَلَى شَيْءٍ إِذَا فَعَلْتُمُوهُ تَحَابَبْتُمْ؟ أَفْشُوا السَّلاَمَ بَيْنَكُمْ. (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : سىلەر مۇئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشمىگۈچە مۇئمىن بولالمايسىلەر، سىلەرگە ئەگەر سىلەر قىلساڭلار ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سىلەر ئۆزئارا سالامنى قانات يايدۇرۇڭلار.“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار ئۆزئارا كۆرۈشكەندە «السلام عليكم» (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم) دەپ ئاللاھتىن ئۆزئارا ئامانلىق تىلىشىپ كۆرىشىشىمىز، بۇ ئامانلىق تىلەش پەقەت ئېغىزىمىزدا دەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان قۇرۇق تىلەك بولۇپ قالماستىن ھەدىستە دېيىلگەندەك «السلام عليكم» (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم) يەنى «ئاللاھ سىلەرنى تېنچ ـ ئامان قىلسۇن» دېگەن ئۇلۇغ مەنە ـ مەقسەتنى دىلى، تىلى ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئاللاھنىڭ بىزگە تەييارلىغان نازۇ ـ نېئمەتلىك، مەڭگۈلۈك جەننىتىگە كىرىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنىشى، بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈشى شۇ ئارقىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر، ئىسلام دىنىدا مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىتتىپاقسىزلىق، ئىختىلاپ ۋە جېدەل ـ ماجرا قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ، چۈنكى ئىختىلاپ ئىسلام ئۇممىتىنى ۋەيران قىلىدۇ، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرمۇ ئىختىلاپ، ئىتتىپاقسىزلىق ئازابىنى تارتقان ياكى ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرىغان. بىز ئىختىلاپلىشىپ باشقىلارغا قۇلايلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسەتلىرىگە ناھايىتى ئاسان يېتەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىختىلاپلىشىشنىڭ زىيىنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَطِيعُوا اللَّـهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّـهَ مَعَ الصَّابِرِينَ ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، ئاجىزلىشىپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ**

**ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾ (8 ـ سۈرە / ئەنفال 46 ـ ئايەت)**

"ئىسلام" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى "بويسۇنۇش، تىنچلىق" دېگەنلىك بولىدۇ، "مۇسۇلمان" دېگەن سۆز بولسا «بويسۇنغۇچى، تىنچلىق تەرەپدارى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدىغان ۋە تىنچلىقتا ئىنتىلىدىغان ئادەم دېگەنلىك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن ئۆمۈر بويى «ئىسلام» دىن ئىبارەت تىنچلىق دىنىنى تەرغىب قىلغان ۋە ئىسلامنىڭ تىنچلىقنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اَلْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ وَالْمُؤْمِنُ مَنْ أَمِنَهُ النَّاسُ عَلَى دِمَائِهِمْ وَأَمْوَالِهِمْ]

**"كامىل مۇسۇلمان ــ مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن ئەمىن بولغان كىشىدۇر. كامىل مۇئمىن ــ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە جانلىرىغا ئەمىنلىك ئېلىپ كەلگەن كىشىدۇر."**

يوقارقى ھەدىستىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىمىز تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. تىنچلىققا ئىنتىلىش بولسا ئىسلام پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تۇپ خىسلەت.

ئىسلام دىنىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، باشقا مىللەتلەر بىلەنمۇ تىنچ ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾

**﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ (49 ـ سۈرە / ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت)**

قېرىنداشلار! ئادىللىق، ياخشى ئىش، ياخشى خۇلۇقلار ئىسلام دىنىمىزنىڭ يۈكسەك

نىشانلىرىدىن بىرى. ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا مۇبارەك «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىدۇكى:

﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾

**﴿ (ئادەملەرنى) كەچۈرگىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن ﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 199 ـ ئايەت)**

[عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اِنَّ اللهَ رَفِيقٌ يُحِبُّ الرِّفْقَ فِي الْأَمْرِ كُلِّهِ] (رواه البخاري)

**"ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۇلايىملىق ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ھەر قانداق ئىشتا مۇلايىم بولغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدۇ." (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىش ـ تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئەپۇچان بولۇش ئىسلام دىنىدىكى يۈكسەك ئېسىل پەزىلەتلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، «قۇرئان كەرىم» دىكى كۆپلىگەن ئايەتلەردە بۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقى قەيت قىلىنغان، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ اللَّـهُ لَكُمْ وَاللَّـهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴾

**﴿ ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن. ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (24 ـ سۈرە / نۇر 22 ـ ئايەت)**

﴿إِنَّ اللَّـهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَىٰ وَيَنْهَىٰ عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾

**﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، يېقىن تۇغقانلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 90 ـ ئايەت)**

ئىسلام دىنى كەڭ قورساق بولۇشنى، ئىنسانلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

[عَنْ سَـهْلِ بْنِ سَـعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ رَسُـولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : مَنْ يَضْمَنْ لِي مَا بَيْنَ لِحْيَيْهِ وَمَا بَيْنَ رِجْلَيْهِ أَضْمَنْ لَهُ الْجَنَّةَ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ســـەھلى ئىبنى ســـەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى تىلى بىلەن ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلايدىغانلىقىغا كېپىللىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن.“**

بۇ ھەدىســتىن بىز تىلنى چىڭ ســاقلاش، غەيۋەت ـ شــىكايەت قىلماســلىق، پىتنە ـ پاسات تارقاتماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، قارا چاپلىماسلىق، نەپسنى قاتتىق تىزگىنلەش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۆزىنىــڭ ســۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ گۇزەللىكىگە دىققەت قىلمىغاندا شــۇ كىشــىنىڭ ئېتىقادىغا تەســىر يېتىدۇ. شــۇڭا، بىز ئۆزىمىزنىڭ تەربىيەلىنىشــىمىزنى ئۆزلۈكســىز كۈچەيتىشــىمىز، ســەگەك بولىشىمىز، ئورۇنسىز سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىز تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك زىيانلاردىن ســاقلىنىشــىمىز لازىم. ھەر بىرىمىز ئۆز ســۆز ـ ھەرىكىتىمىزگە مەسئۇل بولۇشــىمىز لازىم. ھەدىسكە چىن ـ ئىخلاســـىمىز بىلەن رىئايە قىلىدىغان بولســـاق ئۆزىمىزگىمۇ، باشـــقىلارغىمۇ ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى بەخش ئېتەلەيمىز.

ئىســـلام دىنىمىز دۇنياۋى دىن، مۇســـۇلمانلار پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان، ئۇلارنىــڭ ھەممىســـى ئەقىدىگە رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزئارا زىددىيەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلَّمَ : إِنَّ اللهَ يَرْضَى لَكُمْ ثَلَاثًا، وَيَكْرَه لَكُمْ ثَلَاثًا، فَيَرْضَى لَكُمْ أَنْ تَعْبُدُوهُ وَلَا تُشْرِـكُوا بِهِ شَـيْئًا، وَأَنْ تَعْتَصِـمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيْعًا وَلَا تَفَرَّقُوا، وَيَكْرَهُ لَكُمْ قِيلَ وَقَالَ، وَكَثْرَةَ السُّؤَالِ، وَإِضَاعَةَ الْمَالِ] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: شۈبھىسىزكى ئاللاھ سىلەرنىڭ مۇنداق ئۈچ ئىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ، مۇنداق ئۈچ ئىشىڭلارنى يامان كۆرىدۇ: ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىڭلاردىن، ئاللاھقا ھېچ نەرســـنى شـــېرىك كەلتۈرمەســـلىكىڭلاردىن، ئاللاھنىڭ ئارغامچىســـىغا مەھكەپ ئېســـلىپ، بۆلۈنمەســـلىكىڭلاردىن رازى بولىدۇ؛ ســۆز ـ چۆچەك پەيدا قىلىپ، گەپ**

**تارقىتىشلىرىنى، كۆپ سوئال سورىشلىرىنى (يەنى كىشىلەردىن پۇل ـ مال سوراش ۋە باشقىلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن گەپ كوچىلاش) ۋە پۇل ـ مېلىنى ئىسراپ قىلىشلىرىنى يامان كۆرىدۇ.»**

ئاللا تائالا بىز بىرەر مەسىلىدە ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا قۇرئانغا ۋە ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبىرىنىڭ يولىغا چىڭ ئېسىلىشقا ۋە ئۇ ئىككىسىگە توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغان ۋە ئەمەل قىلغان ھالدا قايتىشنى ۋاجىب قىلدى، كىتابقا ۋە سۈننەتكە قايتىش دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ياخشىلىققا، پىكىر بىرلىكىگە، ئىختىلاپتىن ساقلىنىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئىتتىپاقلىققا بۇيرۇدى، ئەھلى كىتابلاردا بۆز بەرگەن تەپرىقچىلىقتىن توستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلَا يُؤْذِ جَارَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**«كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»** دېگەن. (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)

شۇڭا بىز باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا، ھەدىسنىڭ روھىغا رىئايە قىلىپ، باشقىلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزىمىزدە تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆز كۈچىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك.

بىز ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) چىڭ يېپىشىپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا چىن دىلىمىزدىن ئەمەل قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قورساقلىق روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە مۇشەررەپ بولىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا تىرىشايلى! ئامىن!

# ئىسلامدىكى ئەخلاق توغرىسىدا

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ للهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ وَالصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ عَلَى أَشْرَف الْأَنْبِيَاءِ وِالْمُرْسَلِيْنَ سَيِّدِنَا وَنَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ:

ئەھلى جامائەت!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ **﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾ (68 ـ سۈرە /قەلەم 4 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئۈزىگە ئۈلگە قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن:

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيرًا﴾ **﴿سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾ (33 ـ سۈرە /ئەھزاب21 ـ ئايەت)**

ئىسلام دىنى دېمەك ئەقىدە (ئىمان)، شەرىئەت (ئىبادەت) ۋە ئەخلاق دېمەكتۇر. ئەخلاق ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە باغلىنىدۇ. ئىسلام دىنى چاقىرىق قىلغان گۈزەل ئەخلاقلارنى بارلىق ئاقىل ئىنسانلار بىردەك مەدھىيەلەيدۇ ۋە تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇش ئىسلامنىڭ بەلگىسى، ئىماننىڭ نامايەندىسى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىمانى قەلبىدە بولىدۇ، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتلىرى گاھىدا ئاشكارا، گاھىدا يوشۇرۇن بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى قاپلىغان بولۇپ، مېڭىش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە مۇئامىلە قاتارلىق

تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ خىل ئەخلاق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇكەممەل جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قانداق ئىدى؟ دەپ سورالغاندا، ئائىشە ئانىمىز بىزگە مۇنداق دەپ خەۋەر بەرگەن:

[كَانَ خُلقُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْقُرْآنَ] (رَوَاهُ مُسْلِم)

**«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى.» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئۇيغۇن ئىدى.

ئىنساننىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى، ئىشلىرىنىڭ ئاسان ياكى قىيىن بولۇشى، تۇرمۇشىنىڭ ھاللىق ياكى نامرات بولۇشى، كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم ياكى بىئارام بولۇشى، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيلۇق ياكى خار-زەبۇن بولۇشى ئۇنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئاللاھ تائالا ئەخلاقىمىزنى ياخشىلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دىگەن:

﴿إِنَّ اللهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

**﴿ھەرقانداق بىر قوۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگۇچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾ (13 ـ سۈرە / رەئد 11 ـ ئايەت)**

دىمەك، ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇشىنىڭ دىندىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ۋە مۇھىم بولغاچقا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ **﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاققا ئىگەسەن﴾** دەپ مەدھىيەلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئەمەلىيىتى باشقىلارغا ئۈلگە بولغان ۋە ئۈممەتلىرىنى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا چاقىرغان ۋە يىتەكلىگەن.

ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھۇ ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا توختىلىپ: «ئىنساننىڭ قەلبىدە ئورۇنلاشقان ھەرقانداق بىر سۈپەتنىڭ تەسىرى چوقۇم ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىدە نامايان بولماي قالمايدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ قول-پۇتلىرى شۇ بويىچە ھەرىكەتلىنىدۇ.» دىگەن. ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى دەرەخنىڭ

شىخى دېسەك، ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، دەرەخنىڭ بۈك ـ باراقسان كۆكلىشى ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندەك، ئىنسانىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ ياخشى بولۇشىمۇ ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَالْبَلَدُ الطَّيِّبُ يَخْرُجُ نَبَاتُهُ بِإِذْنِ رَبِّهِ وَالَّذِي خَبُثَ لَا يَخْرُجُ إِلَّا نَكِدًا كَذَلِكَ نُصَرِّفُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَشْكُرُونَ﴾

**﴿مۇنبەت يەرنىڭ گىياھى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ، ناچار يەرنىڭ گىياھى ناھايىتى ئاز ئۈنىدۇ، شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 58 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئېتىقادى چىڭ، ئەخلاقى گۈزەل، ئەسلىي پاك كىشىلەرنىڭلا ياخشى، مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، بىزنى ئېتىقادىمىزنى، ئەخلاقىمىزنى ياخشىلاشقا يېتەكلىگەن. يۇرت ـ ماكانىمىزنى سۆيىمىز، خەلققە، جەمئىيەتكە مەنپەئەتلىك، پايدىلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان كىشىلەردىن بولىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۆزىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تازىلاپ، ئۆزىمىزدە گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم!

## ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ خاسىيىتى

پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۈيۈك ئەخلاققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، داۋاملىق ئاللاھ تائالادىن ئەخلاقىنى تېخىمۇ ياخشىلاشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى:

[عَنِ ابْنِ مَسْعُوْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ اَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ كَانَ يَقُوْلُ: اَللَّهُمَّ كَمَا أَحْسَنْتَ خَلْقِي فَأَحْسِنْ خُلقِي] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**"ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، مېنى گۈزەل قىلىپ ياراتقىنىڭدەك، ئەخلاقىمنى گۈزەل قىلغىن." (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاقلىق كىشىنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ الْمُؤْمِنَ لَيُدْرِكُ بِحُسْنِ خُلُقِهِ دَرَجَةَ الصَّائِمِ الْقَائِمِ] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ھەقىقەتەن مۇئمىن كىشى گۈزەل ئەخلاقى ۋە ياخشى تەبىئىتى ئارقىلىق ئەلۋەتتە كۈندۈزنى روزا تۇتۇپ، كېچىنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ.“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرگەنلىكنىڭ ئالامىتى.

«[عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ الْحَارِثِ عَنْ أَبِي قُرَادِ السَّلَمِي قَالَ كُنَّا عِنْدَ رَسُوْلِ اللّٰهِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ فَدَعَا بِطَهُوْرٍ فَغَمَسَ يَدَهُ فِيْهِ ثُمَّ تَوَضَّأَ فَتَبِعْنَاهُ فَحَسَوْنَاهُ فَقَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ مَا حَمَلَكُمْ عَلَى مَا صَنَعْتُمْ قُلْنَا حُبُّ اللّٰهِ وَرَسُوْلِهِ قَالَ فَإِنْ أَحْبَبْتُمْ أَنْ يُحِبَّكُمُ اللّٰهُ وَرَسُوْلُهُ فَأَدُّوا إِذَا ائْتُمِنْتُمْ وَاصْدُقُوْا إِذَا حَدَّثْتُمْ وَأَحْسِنُوْا جِوَارَ منْ جَاوَرَكُمْ. ] (رواه الطبراني).

**ئابدۇرەھمان ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت سۈيى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، ئاندىن تاھارەت سۈيىگە قولىنى سېلىپ تاھارەت ئالدى، بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ تاھارەت ئالغىلى تۇردۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ماڭا ئەگىشىپ تاھارەت ئېلىشىڭلارغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلساڭلار، ئامانەت قويۇلغاندا ئامانەتنى ئادا قىلىڭلار، سۆزلىگەندە راست سۆزلەڭلار، قولۇم ـ قوشناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار» دېگەندى. (ئىمام تەبەراني رىۋايەت قىلغان)**

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ الله عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِيْنَ إِيْمَانًا

أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا وَخِيَارُكُمْ خِيَارُكُمْ لِنِسَائِهِمْ خُلُقًا] (رواه الترمذي)

**ئەبى هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ئەخلاقى ياخشى بولغىنىدۇر، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ئەڭ ياخشى ئەخلاق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر.» (تېرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

گۈزەل ئەخلاق مۇئمىن بەندىنىڭ ئاخىرەتتىكى تارازىسىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، ياخشىلىقىنى كۆپەيتىدۇ، يامانلىقىنى ئازايتىدۇ.

[عَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ قَالَ مَا مِنْ شَيْءٍ أَثْقَلُ فِي مِيزَانِ الْمُؤْمِنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ حُسْنِ الْخُلُقِ وَأَنَّ اللهَ لَيُبْغِضُ الْفَاحِشَ الْبَذِيْءَ] (رواه الترمذي)

**ئەبى دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدە مۇئمىنىنىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر تۇرىدىغان نەرسە يوق، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سەت گەپ قىلىدىغان، ئاغزى بۇزەپ كىشىلەرگە غەزەپ قىلىدۇ.» (تېرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

ئەبى هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:

[سُئِلَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ عَنْ أَكْثَرِ مَا يُدْخِلُ النَّاسَ الْجَنَّةَ ؟ فَقَالَ تَقْوَى اللهِ وَحُسْنُ الْخُلُقِ وَسُئِلَ عَنْ أَكْثَرِ مَا يُدْخِلُ النَّاسَ النَّارَ فَقَالَ الْفَمُ وَالْفَرْجُ] (رواه الترمذي)

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان ئىش قايسى؟ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش» دەپ جاۋاب بەردى. كىشىلەرنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان ئىش قايسى؟ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئېغىزى بىلەن ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلىماسلىق» دەپ جاۋاب بەردى. (تېرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك بولۇش بەندىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[اِضْمَنُوا لِي سِتًّا مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَضْمَنْ لَكُمُ الْجَنَّةَ اُصْدُقُوا إِذَا حَدَّثْتُمْ وَأَوْفُوا إِذَا وَعَدْتُمْ وَأَدُّوا إِذَا

اِئْتُمِنْتُمْ وَاحْفَظُوا فُرُوجَكُمْ وَغُضُّوا أَبْصَارَكُمْ وَكُفُّوا أَيْدِيَكُمْ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**«سىلەر ماڭا ئالتە ئىشنى قىلىشقا ۋەدە بېرىڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمەن: سۆز قىلغاندا راست گەپ قىلىڭلار، ۋەدە قىلغاندا ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەت قويۇلسا ئىگىسىگە تاپشۇرۇڭلار، ئەۋرەتلىرىڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى نامەھرەم ئىشلاردىن قاچۇرۇڭلار، قوللىرىڭلارنى (يامان ئىشتىن) تارتىڭلار». (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).**

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇ زاتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىسلام دىنى تەرغىب قىلغان جىمى گۈزەل ئەخلاقلار مەركەزلىك گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەربىر مۇسۇلمان ئۆگىنىشكە تېگىشلىك شانلىق ئۈلگە. مۇسۇلمان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇتۇق قازىنىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ھەر ۋاقىت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى، ئۇ زاتنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك.

### گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇش ئاللاھقا قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ مەقبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى

مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قىلغان ھەربىر ئىبادىتىدە شۇ مۇسۇلماننىڭ ۋۇجۇدىدا گۈزەل ئەخلاقنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىش مەقسەت قىلىنغان. ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار بولۇپ، ئەخلاقنىڭ مۇكەممەللىشىشى ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولۇشىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغۇچى ئۆز ئەمەلىيىتىدە يامان ئەخلاق، ناچار ئادەتلەردىن يىراق بولۇپ، گۈزەل ئەخلاق، ياخشى خىسلەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەندىلا ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىنى ھەقىقىي ئوقۇلغان ناماز دېگىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾

**﴿ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾ (29 ـ سۈرە / ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت)**

روزا تۇتقۇچى پەقەت گۈزەل ئەخلاق بىلەن قوراللىنىپ، تىلىنى، قولىنى

ۋە بارلىق ئەزالىرىنى باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدۇ، ھەقىقىي روزا ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[مَنْ لَمْ يَدَعْ قَوْلَ الزُّوْرِ وَالْعَمَلَ بِهِ فَلَيْسَ للهِ حَاجَةٌ أَنْ يَّدَعَ طَعَامَهُ وَشَرَابَهُ]

**"كىمكى يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئىش قىلىشنى تاشلىمايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يېمەي ـ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا موھتاج ئەمەس." (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان).**

ھەج قىلىش ئىبادىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەج قىلغۇچى ھەج قىلىش جەريانىدا ئەخلاقسىزلىقتىن ئۆزىنى تارتقاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قىلغان ھەجى مۇكەممەل، مەقبۇل ھەج بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ فَمَنْ فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُوا مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللهُ وَتَزَوَّدُوا فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُولِي الْأَلْبَابِ﴾

**﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقىگە دائىر سۆزلەرنى قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل ـ ماجىرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ھەج ئۈچۈن) ياخشى ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 197 ـ ئايەت)**

دېمەك، بىر مۇسۇلمان قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇشىنى كۆزلەيدىكەن، چوقۇم ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن قۇراللاندۇرۇش كېرەك.

**گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغاندىلا ئىناق جەمئىيەت قۇرغىلى بولىدۇ.**

ئىسلام دىنى تەكىتلەۋاتقان ئەخلاق قارىشى تار دائىرىدىكى ئەخلاق قارىشى بولماستىن، بەلكى بارلىق ئىنسانىيەتنى، ھايۋاناتنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈزۈك ئەخلاق بۇلاقلىرىدىن

سۈيگەنلىكتىن، گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگە بولغاچقا، نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى غەيرىي مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان تىجارەتچىلەرنىڭ ياخشى ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ھەققىدىكى تارىختا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىسلام دىنى جۇڭگو، ھىندونېزىيە، مالايسىيا، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەملىگەن تىجارەتچىلەر ئارقىلىق تارقالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرغىب قىلغان گۈزەل ئەخلاقلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بەش خىلغا مەركەزلىشىدۇ:

1) سەۋر قىلىش.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَمَنْ صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾

**﴿كىمكى سەۋرچان، ئەپۇچان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ئىرادە باغلاپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴾ (42 ـ سۈرە / شۇرا 43 ـ ئايەت)**

سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق كىشىنى قىيىنچىلىقلاردىن، ئاچچىقلىنىشتىن غالىپ كېلىشكە، يۇتۇشقا، باشقىلارغا ئورۇنسىز ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىككە، ئالدىراقسان بولماسلىققا، مۇلايىم ۋە مېھرىبان بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

2) پاك بولۇش. پاك بولۇشتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق كىشىنى رەزىل، قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەتتىن يىراق بولۇشقا ئۈندەيدۇ، ھايالىق بولۇشقا چاقىرىدۇ، بېخىللىق، يالغانچىلىق، غەيۋەت ـ شىكايەت، چېقىمچىلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن يىراق قىلىدۇ.

3) باتۇرلۇق قىلىش. باتۇرلۇقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق كىشىنى ئۆزىنى ھۆرمەتلەشكە، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاشقا، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن قوراللىنىشقا، ئاچچىقىنى يۇتۇشقا، غەزىپىنى بېسىۋېلىشقا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا يېتەكلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْسَ الشَّدِيْدُ بِالصُّرْعَةِ إِنَّمَا الشَّدِيْدُ الَّذِيْ يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ. ]

”باشقىلارنى يېڭۋالغان كىشى باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن كىشى باتۇردۇر.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

4) ئادىل بولۇش. ئادىل بولۇشتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق كىشىنى ھەممە ئىشتا ئوتتۇرھال يول تۇتۇشقا، ئادالەتنى ياقلايدىغان بولۇشقا چاقىرىدۇ. ھەر قانداق ئىشقا يولۇققاندا ھەقىقەتنى تارازا ـ مىزان قىلىپ ئۆلچەش ئادالەت ھېسابلىنىدۇ.

5) ئىلمىي بولۇش. ئىلمىيلىكتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق كىشىنى ھەر قانداق ئەمەللەرنى ياخشى، ئەستايىدىل ئادا قىلىشقا زېھنىنىڭ ئوچۇق بولۇشىغا، پىكرىنىڭ ئۆتكۈر بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

## ئەخلاقسىزلىق ساۋابلىق ئەمەللەرنى يوققا چىقىرىدۇ

كىمكى بۇ دۇنيادا ياخشى ئىبادەت قىلغان بىلەن، كىشىلەر ئارا ياخشى مۇئامىلە قىلمىسا، ئەخلاقسىزلىق قىلسا، ئۇ ھەقىقىي بىچارە، كەمبەغەل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئەمەلىيەتتە ئىبادەتنى شەرىئەت ئۆلچىمى بويىچە ئادا قىلمىغان بولىدۇ. ھەر قانداق بەندىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى ھەق بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئاللاھنىڭ ھەققى، يەنە بىرى بەندىنىڭ ھەققى. ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىنى ئاللاھ خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، ئەمما بەندىلەرنىڭ ئۆزىدىكى ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىنى تاكى بەندىلەر ئەپۇ قىلمىغۇچە ئاللاھ ئەپۇ قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاقسىزلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[ أَتَـدْرُونَ مَـا الْمُفْلِسُ ؟ قَـالُوا اَلْمُفْلِسُ فِينَـا مَنْ لاَ دِرْهَمَ لَهُ وَلاَ مَتَاعَ. فَقَالَ: إِنَّ الْمُفْلِسَ مِنْ أُمَّتِي يَأْتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِصَلاَةٍ وَصِيَامٍ وَزَكَاةٍ وَيَأْتِي قَدْ شَتَمَ هَذَا وَقَذَفَ هَذَا وَأَكَلَ مَالَ هَذَا وَسَفَكَ دَمَ هَذَا وَضَرَبَ هَذَا فَيُعْطَى هَذَا مِنْ حَسَنَاتِهِ وَهَذَا مِنْ حَسَنَاتِهِ فَإِنْ فَنِيَتْ حَسَنَاتُهُ قَبْلَ أَنْ يُقْضَى مَا عَلَيْهِ أُخِذَ مِنْ خَطَايَاهُمْ فَطُرِحَتْ عَلَيْهِ ثُمَّ طُرِحَ فِي النَّارِ.] (رَوَاهُ مُسْلِم)

**”سىلەر بىلەمسىلەر! قەلەندەر دېگەن قانداق كىشى؟ دېدى. ساھابىلەر: قەلەندەر دېگەن پۇلىمۇ يوق، مال ـ دۇنياسىمۇ يوق كىشى، دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقىي قەلەندەر كىشى قىيامەت**

**كۈندە بۇ دۇنيادا ئوقۇغان نامىزى، تۇتقان روزىسى، بەرگەن زاكىتى بىلەن كەلگەن، ئەمما ھاياتىدا بىرسىنى تىللىغان، بىرسىگە تۆھمەت قىلغان، ئاۋۇنىڭ مېلىنى يەۋالغان، ماۋۇنىڭ قېنىنى تۆككەن، ماۋۇنى ئۇرۇپ قويغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى بۇنىڭغا، ئۇنىڭغا بېرىلىپ، ھەتتا ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى يېتىشمەي، قارشى تەرەپنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭ ئۇستىگە ئارتىلىپ دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممىتىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان گۈزەل ئەخلاقلىقا يېتەكلىگەن، شۇنداقلا مۇشۇنداق پەزىلەتنى ھازىرلىغان كىشىلەرنىڭلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقى ۋە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ يۈكسەك پاكلىقى، سەمىمىي ساداقەتمەنلىكى، سېخىيلىقى، ئادىللىقى، كەڭ قورساقلىقى، سەۋرچانلىقى قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھ يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنى توغرا ئىسلام يولىغا يېتەكلىگەن.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ئىززەتلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارلىق يۈكسەك پەزىلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئېتىقاد، ئىبادەت، مۇئامىلە قاتارلىق جەھەتلەردە شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ھەممىمىز تىرىشىپ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىدىن ئۆگىنىپ، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا يېتىلدۈرۈپ، ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ۋەتىنىمىزنى، جەمئىيىتىمىزنى، مىللىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئۇرۇمچىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ئۆز ھەسسىمىزنى قوشايلى! ئاللاھ تائالا بىزگە گۈزەل ئەخلاق ئاتا قىلغاي. ئامىن!

# ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الْعَفُوِّ الْكَرِيْمِ، اَلرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ، مَالِكِ يَوْمِ الدِّيْنِ، جَعَلَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا دَاراً لِلْاِبْتِلَاءِ وَالْاِخْتِبَارِ، وَمَحَلاًّ لِلْعَمَلِ وَالْاِعْتِبَارِ، وَجَعَلَ الْآخِرَةَ دَارَيْنِ، دَارًا لِأَهْلِ كَرَامَتِهِ وَقُرْبِهِ مِنَ الْمُتَّقِيْنَ الْأَبْرَارِ، وَدَاراً لِأَهْلِ غَضَبِهِ وَسَخَطِهِ مِنَ الْكُفَّارِ وَالْفُجَّارِ، وَأَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ النَّبِيُّ الْمُخْتَارُ، صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ الْأَجْمَعِيْنَ الْأَخْيَارِ، وَمَنْ تَبِعَهُمْ بِإِحْسَانٍ مَّا تَعَاقَبَ الَّيْلُ وَالنَّهَارُ. أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ. مۆھتەرەم جامائەتلەر!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا أُقْسِمُ بِيَوْمِ الْقِيَامَةِ، وَلَا أُقْسِمُ بِالنَّفْسِ اللَّوَّامَةِ، أَيَحْسَبُ الْإِنسَانُ أَلَّن نَّجْمَعَ عِظَامَهُ، بَلَى قَادِرِينَ عَلَى أَن نُّسَوِّيَ بَنَانَهُ﴾

**﴿قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرىدىغان جان ئىگىسى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ چېچىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى ھەرگىز يىغالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، بىز ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز﴾. (75 ـ سۈرە / قىيامەت 1~4 ـ ئايەت)**

﴿كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ، وَيَبْقَى وَجْهُ رَبِّكَ ذُو الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ﴾

**﴿ زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ ،ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ﴾ (55 ـ سۈرە / راھمان 26 ـ 27 ـ ئايەت)**

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا اتَّقُوا اللَّـهَ وَلْتَنْظُرْ نَفْسٌ مَا قَدَّمَتْ لِغَدٍ وَاتَّقُوا اللَّـهَ إِنَّ اللَّـهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾

**﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىيامەت كۈنى ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغۇاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ (59 ـ سۈرە / ھەشر 18 ـ ئايەت)**

ھەربىر مۇسۇلمان ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ بىر ئاساسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، بۇ ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى ۋە ئاخىرلىشىدىغان كۈنى بارلىقىغا ھەم ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرەت دۇنياسىدىكى ئىككىنچى ھاياتلىق باشلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە بارلىق ئىنسانلارنى تىرىلدۇرىدۇ. ئۇلارنى ھېساب ئېلىش ئۈچۈن يىغىدۇ. ياخشىلارنى جەننەتتىكى مۇقىم نېئمەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. گۇناھكارلارنى دوزاختا ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

ئاخىرەت كۈنى ئەرەب تىلىدا «اليوم الآخر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: ئۇ كۈننىڭ ئارقىسىدا يەنە كۈنلەرنىڭ بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئاخىرەت كۈنى «قۇرئان كەرىم»دە «ھېساب كۈنى»، «دىن كۈنى»، «ئاخىرەت كۈنى» ۋە «مۇكاپات ـ جازا كۈنى» دېگەن ھەرخىل ئىسىملار بىلەن كۆپ جايلاردا بايان قىلىنغان. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم» دە مەخسۇس ئاخىرەتنىڭ مەلۇماتلىرى سۆزلەنگەن «قىيامەت سۈرىسى» دەپ بىر سۈرىمۇ بار.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، كىشىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ياخشىلىق ياكى يامانلىقىغا ياتىدىغان ئىشلاردىن قايسىسىنى تاللىۋېلىشتا كۆرۈنەرلىك رولى بولىدىغان مۇھىم مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمان ئاساسلىرى ئىچىدىكى ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن قىسمى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىنلا قالسا مۇھىمراق دېيىشكە بولىدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى ئىماننىڭ ئالتە ئاساسى رۇكنى بار بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش بىر يەردە زىكىر قىلىنغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە (يەنى قۇرئانغا ۋە ھەدىسكە) مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن**

**پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 59 ـ ئايەت)**

﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَمَنْ زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾

**﴿ هەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر.سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ. كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت يۈزەكى ھۇزۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 185 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ الله عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: مَنْ أَحَبَّ أَنْ يُزَحْزَحَ عَنِ النَّارِ وَيَدْخُلَ الْجَنَّةَ فَلْتَأْتِهِ مَنِيَّتُهُ وَهُوَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَاليَوِمِ الآخِرِ، وَلْيَأْتِ إِلَى النَّاسِ الَّذِي يُحِبُّ أَنْ يُؤْتَى إِلَيْهِ ] (رواه مسلم)

**”ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى دوزاختىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە كىرىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئىشەنگەن ھالدا جان تەسلىم قىلسۇن. ئۆزىگە قانداق بىر مۇئامىلىنىڭ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرسە كىشىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن.“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

يۇقارقى ئايەت ۋە ھەدىستىمۇ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش سۆزى بىر يەردە كەلگەن.

ئاخىرەت كۈنى، ھازىرقى ھاياتلىق ۋە ماددىي دۇنيا پۈتۈنلەي يوقىلىپ، ئاندىن باشلىنىدىغان، تەرتىپى، خاراكتېرى، جەريانى، زامان ـ ماكان چەكلىمىسى ۋە باشقا جەھەتلەردە ماددىي دۇنياغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى بىر ھاياتلىقىنىڭ مەڭگۈلۈك باشلىنىشى بولغان كۈندۇر.

ئاخىرەت كۈنگە ئىمان كەلتۈرۈش مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. قايتا تىرىلىشكە ئىشىنىش:

ئۇ ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنغاندا ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا ئىنسانلار پۈتۈن كائىناتنىڭ رەببى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن يالاڭ ئاياغ، كىيىمسىز، ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ.

﴿يَوْمَ نَطْوِي السَّمَاء كَطَيِّ السِّجِلِّ لِلْكُتُبِ كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُ وَعْدًا عَلَيْنَا إِنَّا كُنَّا فَاعِلِينَ﴾

**﴿ئۇ كۈندە بىز ئاسماننى خەت يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتكە قايتۇرىمىز. بۇ بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، بىز ئۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾ (21 ـ سۈرە / ئەنبىيا 104 ـ ئايەت)**

قايتا تىرىلىش بولسا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس ئىسپاتلىغان ئۆزگەرمەس بىر ھەقىقەتتۇر.

﴿ثُمَّ إِنَّكُمْ بَعْدَ ذَلِكَ لَمَيِّتُونَ، ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ تُبْعَثُونَ﴾

**﴿ ئاندىن سىلەر چوقۇم ئۆلۈسىلەر. ئاندىن سىلەر ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلىسىلەر ﴾ (23 ـ سۈرە / مۇئمىنۇن 15 ـ 16 ـ ئايەت)**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە:

[عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا، قَالَتْ: سَمِعْتُ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُوْلُ: يُحْشَرُ النَّاسُ يَوْمَ القِيامَةِ حُفَاةً عُرَاةً غُرلاً] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئىنسانلار قىيامەت كۈندە يالاڭ ئاياغ، ئاندىن تۇغما ھالەتلىرىدە مەھشەرگاھقا توپلىنىدۇ." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

2. قىيامەت كۈندىكى ھېساب ۋە مۇكاپات ـ جازالارغا ئىشىنىش:

بەندە قىلغان ئەمەللىرى ھېساب قىلىنىپ، ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىپ، ناچار قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

﴿ إِنَّ إِلَيْنَا إِيَابَهُمْ، ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا حِسَابَهُمْ ﴾

**﴿ئۇلار چوقۇم بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر﴾ ( 89 ـ سۈرە / غاشىيە 25 ـ 26 ـ ئايەت)**

﴿ مَن جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا وَمَن جَاءَ بِالسَّيِّئَةِ فَلاَ يُجْزَى إِلاَّ مِثْلَهَا وَهُمْ لاَ يُظْلَمُونَ ﴾

**﴿ بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۈچۈن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ، بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 160 ـ ئايەت)**

﴿ وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَى بِنَا حَاسِبِينَ ﴾

**﴿ قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، بىز ئۇنى كەلتۈرىمىز. (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾ (21 ـ سۈرە / ئەنبىيا 47 ـ ئايەت)**

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ إِنَّ اللّٰهَ عَزَّ وَجَلَّ، يُدْنِي المُؤْمِنَ، فَيَضَعَ عَلَيْهِ كَنَفَهُ، وَيَسْتُرُهُ عَنِ النَّاسِ، وَيُقَرِّرُهُ بِذُنُوبِهِ، وَيَقُولُ لَهُ: أَتَعْرِفُ ذَنْبَ كَذَا، أَتَعرِفُ كَذَا، حَتَّى إِذَا قَرَّرَهُ بِذُنُوبِهِ وَرَأَى فِي نَفْسِهِ أَنَّهُ هَلَكَ، قَالَ: فَإِنِّي سَتَرْتُهَا عَلَيْكَ فِي الدُّنْيا، وَإِنِّي أَغْفِرُهَا لَكَ اليَوْمَ، ثُمَّ يُعْطَي كِتَابَهُ وَفِيهِ حَسَنَاتُهُ "وَأَمَّا الكُفَّارُ وَالمُنَافِقُونَ فَيَقُولُ الأَشْهَادُ: هَؤُلاَءِ الَّذِينَ كَذَبُوا عَلَى رَبِّهِمْ، أَلاَ لَعْنَةُ اللهِ عَلَى الظَّالِمِينَ .] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىسىنى ئۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ، ئۆزى بىلەن مۇئمىن كىشىنىڭ ئارىلىقىنى پەردە بىلەن توسۇپ تۇرۇپ: سەن ئۆزۈڭنىڭ مۇنداق، مۇنداق گۇناھلىرىڭنى بىلەمسەن؟ دەيدۇ. مۇئمىن كىشى: ھەئە، ئى رەببىم! بۇ گۇناھلارنى مەن ئۆتكۈزگەن، ئەمدى مەن ھالاك بولىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، ئاللاھ تائالا: ئى بەندەم مەن سېنىڭ بۇ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادا يوشۇردۇم، بۈگۈن مەن ئۇ گۇناھلىرىڭنى كەچۈردۈم، دەيدۇ ۋە بۇيرۇقتا ئاساسەن ئۇ مۇئمىن بەندىگە ياخشىلىق نامە ـ ئەمەللىرى يېزىلغان كىتاب بېرىلىدۇ. ئەمما كافىر ۋە مۇنافىقلار بولسا پۈتۈن قىيامەت ئەھلىنىڭ ئالدىدا سازايى قىلىنىپ: مانا بۇلار ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ لەنىتى بۇلارغا بولسۇن. دېيىلىدۇ.“ (بىرلىككە**

كېلىنگەن ھەدىس)

### 3. قەبرىدىكى سوئال-سوراقنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش:

بۇ بولسا مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن مۇنكەر ۋە نەكىردىن ئىبارەت ئىككى پەرىشتەنىڭ مېيىتتىن پەرۋەردىگارى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى قاتارلىقلار ھەققىدە سوراق قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئىمان كەلتۈرگەن ھەقىقەت بىلەن «رەببىم ئاللاھ»، «دىنىم ئىسلام»، «پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام» دەپ جاۋاب بېرىشكە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، قَالَ: إِنَّ الْعَبْدَ إِذَا وُضِعَ فِي قَبْرِهِ، وَتَوَلَّى عَنْهُ أَصْحَابُهُ، وَإِنَّهُ لَيَسْمَعُ قَرْعَ نِعَالِهِمْ، أَتَاهُ مَلَكَانِ، فَيُقْعِدَانِهِ فَيَقُولاَنِ: مَا كُنْتَ تَقُولُ فِي هذَا الرَّجُلِ (لِمُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ) فَأَمَّا الْمُؤْمِنُ فَيَقُولُ: أَشْهَدُ أَنَّهُ عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ فَيُقَالُ لَهُ: اُنْظُرْ إِلَى مَقْعَدِكَ مِنَ النَّارِ، قَدْ أَبْدَلَكَ اللهُ بِهِ مَقْعَدًا مِنَ الْجَنَّةِ فَيَرَاهُمَا جَمِيعًا وَأَمَّا الْكَافِرُ وَالْمُنَافِقُ فَيُقَالُ لَهُ مَا كُنْتَ تَقُولُ فِي هَذَا الرَّجُلِ فَيَقُولُ لاَ أَدْرِي كُنْتُ أَقُولُ مَا يَقُولُ النَّاسُ فَيُقَالُ لَهُ لاَ دَرَيْتَ وَلاَ تَلَيْتَ ثُمَّ يُضْرَبُ بِمِطْرَاقٍ مِنْ حَدِيدٍ ضَرْبَةً بَيْنَ أُذُنَيْهِ فَيَصِيحُ صَيْحَةً فَيَسْمَعُهَا مَنْ يَلِيهِ غَيْرُ الثَّقَلَيْنِ وَقَالَ بَعْضُهُمْ يَضِيقُ عَلَيْهِ قَبْرُهُ حَتَّى تَخْتَلِفَ أَضْلاَعُهُ] (متفق عليه)

**"ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مېيىت قەبرىگە قويۇلۇپ ھەمراھلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ماڭغاندا، مېيىت ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە مۇھەممەد ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دەپ سورايدۇ. مۇئمىن بولسا «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا «قارا، ئاللاھ سىنىڭ دوزاختىكى ئورنۇڭنى جەننەتكە ئالماشتۇرۇپ بەردى» دەيدۇ. ئۇلار جەننەتتىكى ئورۇننى كۆرىدۇ ۋە قەبرىدىن جەننەتكە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ. ئەمما، كاپىر ياكى مۇناپىق بولسا پەرىشتىلەرنىڭ سوئاللىرىغا: «بىلمەيمەن، كىشىلەر نېمە دىگەن بولسا مەنمۇ شۇنى دەيتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا : «سەن ھەق بىلەن باتىلنى**

**ئـايرىمـىـدىك، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇمىدىڭ» دېيىلىدۇ، ئاندىن تۆمۈر توقماق بىلەن ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارىسىغا شۇنداق قاتتىق ئۇرىدۇكى، ئۇنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن باشقىلار ئاڭلايدۇ.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

بەررا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[فَيَأْتِيْهِ آتٍ فَيَقُولُ: مَنْ رَبُّكَ؟ مَا دِيْنُكَ؟ مَنْ نَبِيُّكَ؟ فَيَقُولُ: رَبِّيَ اللهُ وَدِينِيَ الإِسْــلاَمُ، وَنَبِيِّي مُحَمَّدٌ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ]

**”ســوراقچى پەرىشــتە كېلىپ: پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ قايســى؟ ســىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئۇ ئادەم كىم؟ دەپ سورايدۇ. مۆئمىن: پەرۋەردىگارىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، ئۇ مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.“**

ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بايان قىلىنغان:

[ فيُنٰادِيْ مُنادٍ مِنَ السَّماءِ أنْ صَدَقَ عَبْدِيْ فَأَفْرِشُوْهُ منَ الجَنّةِ وأَلْبِسُوهُ مِنَ الجَنَّةِ وَافْتَحُوْا لهُ بٰاباً إلىٰ الجَنَّةِ فَيَأْتِيْهِ مِنْ رَوْحِهٰا وَطِيْبِهٰا ويُفْسَحُ لهُ في قَبْرِهِ مَدَّ بَصَرِهِ] (رواه أبو داود)

**”ئاللاھ تائالا ئاسماندىن: بەندەم راست سۆزلىدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپىلەرنى ســـېلىڭلار، جەننەتتىن كىيىملەرنى كەيدۈرۈڭلار، ئۇ ئادەم ئۈچۈن جەننەت تەرەپكە ئىشـــىك ئېچىڭلار، دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتنىڭ راھەتلىك، مەيىن شاماللىرى ۋە جەننەتنىڭ خۇشـبۇيلىرى كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئىچى كۆز يەتكۈسىز كېڭەيتىلىدۇ.“ (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان)**

ھاياتلىق دۇنياســـىدا ئاللاھقا ئاســـيلىق قىلغان كىشـــىلەر ئاللاھ تائالاغا بولغـان ئاســـيلىقى تۈپەيلى قەبرىگە كىرگەنـدە پەرىشـــتەنىـڭ ســـوئالىغـا «ھا،ھا،بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ فَلَوْلَا أَنْ لَا تَدَافَنُوا لَدَعَوْتُ اللهَ عَزَّ وَجَلَّ أَنْ يُسْمِعَكُمْ عَذَابَ الْقَبْرِ الَّذِي أَسْمَعُ مِنْهُ . ثُمَّ أَقْبَلَ عَلَيْنَا بِوَجْهِهِ، فَقَالَ : تَعَوَّذُوا بِاللهِ مِنْ عَذَابِ النَّارِ. فَقَالُوا : نَعُوذُ بِاللهِ مِنْ عَذَابِ النَّارِ. قَالَ: تَعَوَّذُوا

بِاللهِ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ. قَالُوا : نَعُوذُ بِاللهِ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ. ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**”«ئەگەر سىلەرنىڭ بىر ـ بىرىڭلارنى دەپنە قىلالماسلىقىڭلاردىن ئەنسىرەش بولمىغان بولسائىدى، مەن ئاللاھ تائالادىن مەن ئاڭلاۋاتقان قەبرە ئازابىنى سىلەرگىمۇ ئاڭلىتىشنى تىلىگەن بولاتتىم» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قاراپ «سىلەر ئاللاھقا سېغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار» دېدى. ئۇلار: «بىز ئاللاھقا سېغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىلەر ئاللاھقا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار» دېدى. ئۇلار: «بىز ئاللاھقا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمىز» دېدى.“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

قىيامەت كۈنىگىچە، يەنى بەرزەخ ھاياتىدا روھنىڭ قەيەردە قايسى خىل ھالەتتە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇم بولغان غەيب ئىلىملەر جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.

مەشھۇر ئالىم ئىبنى قەييۇم بۇ ھەقتىكى بەزى سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ مۇنداق يازغان: «بەرزەخ ھاياتىدا روھلارنىڭ ئورۇنلىرى ئوخشىمايدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن دەرىجىلىرى بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى ئەڭ يۇقىرى مەنزىلدە بولىدۇ. ئاندىن شېھىتلەرنىڭ، ئاندىن سالىھ بەندىلەرنىڭ روھلىرى جەننەت نېئمەتلىرىدە بولىدۇ.» «شرح العقيدة الطحاوية» كىتابىدا قەبرە ھاياتى توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: « ھەر بىر ئادەم مەيلى ئۇ قايسى خىل شەكىلدە ۋاپات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەبرە ھاياتىدىكى ئازاب ياكى نېئمەتنى تېتىيدۇ. بىزگە پەقەت ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئىمان ئېيتىش ۋاجىبتۇر. روھنىڭ تەنگە قانداق قايتىدىغانلىقى، روھنىڭ قەيەردە، قايسى خىل ھالەتتە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى، ئازاب ۋە نېئمەتنىڭ قايسى رەۋىشتە بولىدىغانلىقىدەك تەپسىلاتلار ئۇستىدە ئىزدىنىش ئارتۇقچىدۇر. چۈنكى، ئىنسان ئەقلى بۇ ئىشلارنى بىلىشكە ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما، ئاسمان ۋە زېمىننى، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى جىمى نەرسىلەرنى ياراتقان ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.»

﴿ إِذَآ أَرَادَ شَيْئاً أَن يَقُولَ لَهُ كُن فَيَكُونُ ﴾

**﴿ئالالاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا ئۇنىڭغا ۋۇجۇدقا كەل دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.﴾ (36 ـ سۈرە / ياسىن 82 ـ ئايەت)**

مانا بۇ ئەھلى سۈننە ۋە جەمائەنىڭ كۆزقارىشى، شۇنداقلا ئىنساننىڭ چەكلىك ئەقلى ۋە بۇ دۇنيادىكى چەكلىك ھېس ـ تۇيغۇسى بىلەن ھەممە ئاجايىباتلارغا جاۋاب تاپماقچى بولغانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ. ئالالاھ تائالا كىتابىدا ئېيتقاندەك ئالالاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان، ئاخىرەت ۋە دوزاخ ئازابىنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇنداق كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. قەبرە ھاياتى ھەقتۇر. ئۇنىڭدىكى ئازاب ۋە نېئمەت ھەقتۇر. پەقەت تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەللەر ئىنساننى قەبرە ئازابىدىن ساقلىيالايدۇ. مۇئمىن قەبرىسىنى ھاياتلىقىدىكى ياخشى ئەمەللىرى بىلەن بېزەيدۇ. سېمونت، گەج قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قەبرىنى ھەيۋەتلىك قىلىپ قاتۇرۇش، قەبرىنى بېزەش ئۇچۇن ئۇنى باغچىغا ئايلاندۇرىۋېلىش ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن قىلمىشتۇر. بۇنداق قىلىش مېيىتنى قەبرە ئازابىدىن ساقلاش ئەمەس، ئازابىنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلىش پۇل ـ مالنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقا يەنە رەسۇلۇللاھ چەكلىگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

**4.كەۋسەر:**

قىيامەت مەيدانىدا كىشىلەر ھېساب بېرىش جەريانىدا قاتتىق ئىسسىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا دۇچار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى بولغان بىزلەر ئالالاھ تائالا رەسۇلۇللاھقا ئاتا قىلغان كەۋسەر سۈيىدىن ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرىمىز. ئالالاھقا ئاسىي بولغانلار بولسا بۇ يەردىن قوغلىنىدۇ.

﴿ إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ، فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ، إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. شۇڭا، سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقى ئۇچۇن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. (مۇھەممەدنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى دەپ) ساڭا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشىلا ھەقىقىي نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان كىشىدۇر﴾ (108 ـ سۈرە / كەۋسەر)**

بۇ سۈرىنى تەپسىرلىگەن ئاساستا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: بَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاتَ يَوْمٍ بَيْنَ أَظْهُرِنَا، إِذْ أَغْفَى إِغْفَاءَةً. ثُمّ رَفَعَ رَأْسَهُ مُتَبَسّماً. فَقُلْنَا: مَا أَضْحَكَكَ يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: "أُنْزِلَتْ عَلَيّ آنِفاً سُورَةٌ". فَقَرَأَ: ﴿بِسْمِ اللهِ الرّحْمَنِ الرّحِيمِ ۞ إِنّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ ۞ فَصَلِّ لِرَبّكَ وَانْحَرْ ۞ إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الأَبْتَرُ﴾ ثُمَّ قَالَ: "أَتَدْرُونَ مَا الْكَوْثَرُ؟" فَقُلْنَا: اَللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. قَالَ: "فَإِنّهُ نَهْرٌ وَعَدَنِيهِ رَبِّيْ عَزَّ وَجَلَّ. عَلَيْهِ خَيْرٌ كَثِيرٌ. هُوَ حَوْضٌ تَرِدُ عَلَيْهِ أُمَّتِيْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. آنِيَتُهُ عَدَدُ النُّجُومِ ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىدى، تۇيۇقسىز مۈگدىگەندەك بېشى ساڭگىلاپ كەتتى، ئاندىن كۈلۈمسىرەپلا بېشىنى كۆتەردى. بىز، ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىنى نېمە خۇشال قىلىۋەتتى؟ دەپ سورىدۇق. ئۇ: «ھازىر ماڭا بۇ سۈرە نازىل قىلىندى» دەپ، سۈرە كەۋسەرنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دېدى. بىز ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر دېدۇق. رەسۇلۇللاھ بىزگە چۈشەندۈرۈپ: « كەۋسەر جەننەتتىكى بىر كۆل، رەببىم ماڭا ئۇنى (ئاتا قىلغانلىقىنى) ۋەدە قىلدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار، ئۇممەتلىرىم قىيامەت كۈنى سۇيىنى ئىچىدىغان كەۋسەر كۆلى ئەنە شۇ. ئۇنىڭ قاچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ساندەك كۆپ. دېدى" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

### 5. تارازا ـ مىيزان (ياخشى ـ يامان ئەمەللەر ئۆلچىنىدىغان تارازا):

بۇ كۈندە ئاللاھ تائالا ئۆز ئىلاھى ئادالىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، بۇ تارازىنى تىكلەيدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى شۇ مىزان تارازىسىدا ئۆلچىنىپ، ئۆز كۆزىگە ئەينەن كۆرسىتىلىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ ھاياتى دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەلىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى كۆرگىنىدە، ئاللاھ تائالانىڭ يۈكسەك ئادىل ھۆكمىگە ھېچقانداق نارازىلىقى قالمايدۇ.

﴿ وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَى بِنَا حَاسِبِينَ﴾

**﴿ قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ**

ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، بىز ئۇنى كەلتۈرىمىز. (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾ (21 ـ سۈرە / ئەنبىيا 47 ـ ئايەت)

**6 ـ جەننەت ۋە دوزاخقا ئىشىنىش:**

جەننەت ــ ئاللاھ تائالا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان نەرسىلەرگە ئىشەنگەن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغانلار، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەنلەر ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن تەقۋادار مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەييارلانغان تۈرلۈك نېئمەتلەرگە تولغان گۈزەل ماكاندۇر. ئۇ يەردە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنساننىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغان تۈرلۈك نېئمەتلەر باردۇر.

﴿ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُوْلَئِكَ هُمْ خَيْرُ الْبَرِيَّةِ، جَزَاؤُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا رَّضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ ذَلِكَ لِمَنْ خَشِيَ رَبَّهُ ﴾

**﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات مەڭگۈلۈك بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەملا ئېرىشىدۇ﴾ (98 ـ سۈرە / بەييىنە 7 ـ 8 ـ ئايەت)**

قوله تعالى: ﴿ فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ﴾

**﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾ (32 ـ سۈرە / سەجدە 17 ـ ئايەت)**

دوزاخ بولسا ــ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتقان، گۇمراھ، زالىم كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەييارلانغان، ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن ھەر ـ تۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن ھازىرلانغان دەھشەتلىك ماكاندۇر.

﴿ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ فَأُوْلَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ فِي جَهَنَّمَ خَالِدُونَ ﴾

**﴿ياخشى ئەمەللىرى يېنىك كەلگەنلەر زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾ (23 ـ سۈرە / مۇئمىنۇن 103 ـ ئايەت)**

﴿ إِنَّ اللَّهَ لَعَنَ الْكَافِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمْ سَعِيرًا، خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا لَّا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا، يَوْمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمْ فِي النَّارِ يَقُولُونَ يَا لَيْتَنَا أَطَعْنَا اللَّهَ وَأَطَعْنَا الرَّسُولَا ﴾

**﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن كافىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ھېچقانداق دوست ۋە ياردەمچى تاپالمايدۇ. دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قورۇلۇپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «ئىسسىت بىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دېيىشىپ كېتىدۇ﴾ (33 ـ سۈرە ئەھزاب 64 ~ 66 ـ ئايەتلەر)**

ئاخىرەتكە ئىشىنىش بولسا بارلىق پەيغەمبەرلەر چاقىرغان ئىمان ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۈممەتلىرىنى ئاخىرەتكە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلغان. ئۇلارنى جەننەتنىڭ خەۋىرى بىلەن خۇشاللاندۇرسا، دوزاخنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

«قۇرئان كەرىم» دە تەقۋادارلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن كېيىنلا ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن دەپ سۈپەتلەنگەن.

﴿ ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ ﴾

**﴿ بۇ (قۇرئان) مۇقەددەس كىتابدۇر، ئۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوقتۇر. ئۇ تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇركى، ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەر 2 ـ 3 ـ ئايەت)**

ئادەم ئاتىمىز زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا:

قوله تعالى: ﴿ فِيهَا تَحْيَوْنَ وَفِيهَا تَمُوتُونَ وَمِنْهَا تُخْرَجُونَ ﴾

**﴿ئاللاھ ئېيتتى: «يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلىسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر»﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 25 ـ ئايەت)**

ئـاللاھ تائالا «قۇرئان كـەرىم» دە نۇھ ئەلـەيھىســـــــالام قەۋمـىنى قـىيامـەت كۈنـىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، قـىيامـەتنـىڭ بولـىدىغانلىقى توغرىســـىدىكى مىســـاللارنى سۆزلـەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاللَّهُ أَنبَتَكُم مِّنَ الْأَرْضِ نَبَاتًا، ثُمَّ يُعِيدُكُمْ فِيهَا وَيُخْرِجُكُمْ إِخْرَاجًا﴾

**﴿ ئاللاھ سىلەرنى (ئاتاڭلار ئادەمنى) زېمىندىن ياراتتى. ئاندىن سىلەرنى (ئۆلگەندە) زېمىنغا قايتۇرىدۇ، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ ﴾ (71 ـ سۈرە / نۇھ 17 ـ 18 ـ ئايەت)**

شۇئەيب ئەلـەيھىسسالامـمۇ قەۋمـىگە:

﴿ وَإِلَىٰ مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا فَقَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَارْجُوا الْيَوْمَ الْآخِرَ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴾

**﴿مەديەن ئاھالىسىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، شۇئەيب: «ئى قەۋمىم! بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىدىن قورقۇڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەڭلار » دېدى﴾ (29 ـ سۈرە / ئەنكەبۇت 36 ـ ئايەت)**

ئـاخىردا قـىيـامـەت بولـۇشـــتىن ئىلگىرى كۆرۈلـىدىغـان چوڭ ـ كىچـىك ئالامـەتلـەرنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ سۆزىمىزنى تاماملايمىز.

قـىيامـەتنـىڭ بەلگىســـى ۋە ئالامـەتلىرى بولســـا قـىيامـەت كېلـىشـــتىن بۇرۇن كۆرۈلـىدىغان ۋە يۈز بېرىدىغان ئىشـــلارنى كۆرســـتىدۇ، ئۇلار چوڭ ۋە كىچىك ئـالامـەتلـەر دەپ بۆلۈنـىدۇ. كىچـىك ئـالامـەتلـەرنـىڭ بەزىلىرى قـىيـامـەت يېقىنلاپ كېلـىشـــتىن خېلى بۇرۇن يۈز بېرىشـى مۇمكىن، بەزىلىرى ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولدى، بەزىلىرى يۈز بېرىۋاتىدۇ ۋە داۋاملىشـىۋاتىدۇ، تەكرارلىنىشـىمۇ مۇمكىن. بەزىلىرى تېخى يۈز بەرمـىدى. لېكىن، بىز پەيغەمبەر (ســـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسەن بۇلارنى يۈز بېرىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

## قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى

ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يوقىلىشـــى، جاھالەت، زىنا قاتارلىقلارنىڭ كۆپىيىشـــى، لاياقەتســـىز كىشـــلەرنىڭ ئىش خوجىدارى بولۇشـــى، يالاڭ تۆشـلەرنىڭ ئېســـىل قەسىرلەرگە ئىگە بولۇشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە باشقىلار.

مۇئـاۋىـيە رەزىـيەلـلاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلـىنغـان ھەدىســــتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

[ عَنْ مُعَاوِيَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ يَقُوْلُ : إِنَّ مِنْ أَشْرَاطِ السَّـاعَةِ أَنْ يَقِلَّ الْعِلْمُ وَيَظْهَرَ الْجَهْلُ وَيَظْهَرَ الزِّنَا وَتَكْثُرَ النِّسَـاءُ وَيَقِلَّ الرِّجَالُ حَتَّى يَكُونَ لِخَمْسِينَ امْرَأَةً الْقَيِّمُ الْوَاحِدُ ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئاز قالىدۇ، نادانلىق، جاھىللىق ئاشكارا بولۇپ كۆپىيىپ كېتىدۇ، زىنا ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆپ قىلىنىدۇ، ئەرلەر كېتىپ، ئاز قېلىپ، ئاياللار كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئەللىك ئايالنىڭ تۇرمۇشىغا بىرلا ئەر كىشى ئىگە بولىدۇ، (يەنى ئاياللىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرى، ھاممىلىرى، قىزلىرى قاتارلىق)" (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغـان ھەدىســــتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :

[ إِذَا ضُيِّعَتْ الْأَمَانَةُ فَانْتَظِرْ السَّاعَةَ. قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا إِضَاعَتُهَا؟ قَالَ: إِذَا وُسِّدَ الْأَمْرُ إِلَى غَيْرِ أَهْلِهِ فَانْتَظِرْ السَّاعَةَ ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"ئامانەت يوقالغاندا قىيامەتنى كۈتكىن. دېگەندە بىر ئادەم ئى رەسۇلۇللاھ ئامانەتنىڭ يوق بولىشى قانداق گەپ؟ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : لاياقەتسىز كىشىلەر ئىش باشقۇرغاندا، دەپ جاۋاب بەرگەن." (بۇخارىي توپلىغان)**

## قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

[ عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ أُسَيْدٍ الْغِفَارِيِّ، قَالَ: اِطَّلَعَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَيْنَا وَنَحْنُ نَتَذَاكَرُ، فَقَالَ: مَا تَذْكُرُونَ؟ قَالُوا: نَذْكُرُ السَّاعَةَ، قَالَ: إِنَّهَا لَنْ تَقُومَ حَتَّى تَرَوْا قَبْلَهَا عَشْرَ آيَاتٍ، فَذَكَرَ الدُّخَانَ، وَالدَّجَّالَ، وَالدَّابَّةَ، وَطُلُوعَ الشَّمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا، وَنُزُولَ عِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ، وَيَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ،

وَثَلاثَةَ خُسُوفٍ: خَسْفٌ بِالْمَشْرِقِ، وَخَسْفٌ بِالْمَغْرِبِ، وَخَسْفٌ بِجَزِيرَةِ الْعَرَبِ، وَآخِرُ ذَلِكَ نَارٌ تَخْرُجُ مِنَ الْيَمَنِ تَطْرُدُ النَّاسَ إِلَى مَحْشَرِهِمْ ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**”هۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆزئارا سۆھبەتلىشىپ تۇرغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كېلىپ نېمە توغرىلىق سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟ دەپ سورىدى. بىز قىيامەت توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىمىز دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تۆۋەندىكىدەك ئون تۈرلۈك ئالامەتلەر كۆرۈلمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ، دەپ ئۇلارنى ئېيتىپ بەردى. تۇمان بولۇش، دەججالنىڭ چىقىشى، ئۇمىلىگۈچى ھايۋان، كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى، يەجۇجى ـ مەجۇجى، ئۈچ خىل كۈن تۇتۇلۇش، يەنى شەرقتە كۈن تۇتۇلۇش، غەربتە كۈن تۇتۇلۇش، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كۈن تۇتۇلۇش، كىشىلەرنىڭ كۆچۈشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ئوتنىڭ يەمەن تەرەپتىن چىقىشى قاتارلىقلار.“ (ئىمام مۇسلىم توپلىغان)**

ئاللاھنىڭ بىزنى بارلىق پىتنىلەردىن ساقلىشىنى، ياخشىلىق قەيەردە بولسا مۇيەسسەر قىلىشىنى، يامانلىق قەيەردە بولسا بىزنى يىراق قىلىشىنى تىلەيمىز. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

چاقىرىقىمىزنىڭ ئاخىرى بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى بولغان جانابىي ئاللاھقا بولسۇن!

دۇئا ۋە سالاملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرى ۋە سەركىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتىغا، ھۆرمەتكە سازاۋەر ساھابىلىرىغا ھەم شۇنداقلا قىيامەت كۈنىگە قەدەر رەسۇلۇللاھنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بارلىق مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا بولسۇن.

ھۆرمەتلىك جامائەت! بىز جەننەت ۋە دوزاخ ئازابىنى ھەر دائىم ئەسلەپ، تەستە قولغا كەلگەن بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزنى قەدىرلەپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراپ، ئىناق، ئىتتىپاق كەيپىيات يارىتايلى. ئامىن!

**وآخر دعواهم أن الحمد لله رب العلمين**

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان[1](ئىمان ھەققىدە)

7. عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: "إِنَّ مِنَ الشَّجَرِ شَجَرَةً لاَ يَسْقُطُ وَرَقُهَا وَإِنَّهَا مَثَلُ الْمُسْلِمِ حَدِّثُونِي مَا هِيَ؟ قَالَ فَوَقَعَ النَّاسُ فِي شَجَرِ الْبَوَادِي قَالَ عَبْدُاللّٰهِ فَوَقَعَ فِي نَفْسِي أَنَّهَا النَّخْلَةُ فَاسْتَحْيَيْتُ ثُمَّ قَالُوا حَدِّثْنَا مَا هِيَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ قَالَ هِيَ النَّخْلَةُ"

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا يوپۇرمىقى تۆكۈلمەيدىغان بىر دەرەخ بار، ئۇ ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش. سىلەر ماڭا ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. ئۇ (ئىبنى ئۆمەر): كىشىلەرنىڭ ئوي ـ خىياللىرى سەھرالاردىكى دەرەخلەرگە چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ خورما ئىكەنلىكى كەلدى، مەن تارتىنىدىم» ئاندىن ئۇلار :«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ خورما» دېدى.

### المعنى العام (ئومۇمىي مەنىسى)

جلس رسول الله صلى الله عليه وسلم بين عشرة من أصحابه، فيهم أبو بكر وعمر وأبو هريرة وأنس بن مالك وعبد الله بن عمر، فأتى صلى الله عليه وسلم بجمار نخل فشرع يأكل، تاليا قوله تعالى ﴿ ضَرَبَ اللّٰهُ مَثَلاً كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا﴾ ثم نظر في أصحابه فقال: إن من الشجر شجرة لا يسقط ورقها طول العام، ولا ينعدم ظلها، ولا يبطل نفعها، ولا ينقطع من البيوت على مر الأيام ثمرها وإنها مثل المسلم ثابت الدين، يصدر منه من العلوم والخير قوت مستطاب للأرواح ينتفع بعلمه وصلاحه وآثاره حيا وميتا، فنبئوني ما هي هذه الشجرة؟ راح كل واحد من الحاضرين يفكر فيما يصدق عليه الأوصاف من الشجر، وأخذوا يقولون: شجرة كذا. فيقال: لا . شجرة كذا. فيقال: لا، عددوا من شجر البوادي ما عددوا، فلما عجزوا قالوا: أخبرنا يا رسول الله ما هي الشجرة؟ قال: هي النخلة.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئەسھابلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بار بولغان ئون كىشى ئارىسىدا ئولتۇرغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورما غولى يىلىكىنى ئېلىپ، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان ھالدا يېيىشكە باشلىدى: ﴿ئاللاھ مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈردى: ياخشى سۆز (يەنى ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى

---

[1] «المنهل الحديث في شرح الحديث» دىن بىرىلدى. بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

مۇستەھكەم، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ﴾ (14 ـ سۈرە 24 ـ ، 25 ـ ئايەت) ئاندىن ئەسھابىلىرىگە قارىدى ۋە مۇنداق دېدى :«دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا يىل بويى يوپۇرمىقى تۆكۈلمەيدىغان، سايىسى يوقالمايدىغان، ئۇنىڭ مەنپەئىتى بىكار كەتمەيدىغان، كۇنلار ئۆتسىمۇ ئۇنىڭ مېۋىسى ئۆيلەردىن ئۈزۈلمەيدىغان بىر دەرەخ بار، ئۇ ھەقىقەتەن دىندا مۇستەھكەم بولغان مۇسۇلمانغا ئوخشاش، ئۇ (مۇسۇلمان) دىن كۆڭۈللەرگە ياقىدىغان ئىلىم، ياخشىلىقتىن ئىبارەت ئوزۇق كېلىدۇ، ئۇ مەيلى ھايات بولسۇن ۋە ۋاپات تاپقان بولسۇن ئۇنىڭ ئىلمى، ياخشىلىقى ۋە قالدۇرغان تەسىرلىرىدىن پايدىلىنىدۇ، سىلەر ماڭا بۇ دەرەخنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. نەق مەيداندا بار كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى ھېلىقى سۈپەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان دەرەخنى ئويلاشقا ۋە «مۇنداق دەرەخ» دېيىشكە باشلىدى: «ياق، مۇنداق دەرەخ» دېيىلەتتى، ئاندىن «ياق» دېيىلەتتى، ئۇلار سەھرادىكى دەرەخلەردىن سانىيالىغانلىرىنى ھېسابلاپ كۆردى، ئۇلار ئاجىز كەلگىنىدە مۇنداق دېدى :«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ھېلىقى دەرەخنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىزگە خەۋەر قىلغىن.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇ خورما»

فلما انصرفوا قال عبد الله بن عمر لأبيه. لقد عرفتها والله يا أبت حينما سألكم رسول الله صلى الله عليه وسلم، عرفت أنها النخلة، فقد كنت ألاحظ أن الرسول صلى الله عليه وسلم يأكل جمارها وهو يسأل، قال عمر لابنه: وما منعك يا عبد الله من أن تجيب؟ قال: يا أبت. نظرت إليكم فإذا أنا عاشر عشرة أنا أصغركم استحييت منك ومن أبي بكر وأبي هريرة وأنس وكبار الصحابة، رأيت أن من الأدب أن لا أجيب أمامكم على سؤال عجزتم عن جوابه. قال عمر: لأن كنت أجبت كان أحب إلي من حمر النعم، كنت سأكون سعيدا بجوابك حين عجز القوم أكثر من سعادتي بأعظم الأموال وأنفسها وأغلاها.

ئۇلار كەتكەندە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دادىسىغا مۇنداق دېدى :«ئى دادا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى بىلگەن ئىدىم. رەسۇلۇللاھ سىلەردىن سورىغاندا، مەن ئۇنىڭ خورما ئىكەنلىكىنى بىلدىم. چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سورىغاچ خورما غولى يىلىكىنى يەۋەتقانلىقىنى بايقىغانىدىم.» ئۆمەر ئوغلىغا مۇنداق دېدى :«ئى ئابدۇللاھ! سېنى جاۋاب بېرىشتىن نېمە توسۇپ قويىدى؟» ئابدۇللا مۇنداق دېدى :«ئى دادا! مەن سىلەرگە قارىدىم، شۇندا مەن ئوننىڭ ئونىنچىسى، مەن سىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكىڭلار، مەن سەندىن، ئەبۇ بەكرىدىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەنەستىن ۋە ساھابىلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن خىجىل بولدۇم، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا سىلەر جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەلگەن سوئالغا مېنىڭ جاۋاب بەرمەسلىكىمنى ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارىدىم.» ئۆمەر مۇنداق دېدى: «سەن جاۋاب بەرگەن بولساڭ شۇ ئىش ماڭا نىسبەتەن نەسىللىك ئۆي ھايۋانلىرىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولاتتى. كىشىلەر ئاجىز كەلگەن چاغدا سېنىڭ جاۋابىڭ بىلەن بەخت ھېس قىلاتتىم. ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئەڭ مۇھىمى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى ۋە ئەڭ باھالىقلىرى بىلەنكى بەخت ـ سائادەتتىنمۇ زورراق بولاتتى.

## المباحث العربيّة (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

(إن من الشجر شجرة) "من" تبعيضية، و"ال" في "الشجر" للجنس. أي إن بعض جنس الشجر شجرة.

«إِنَّ مِنَ الشَّجَرِ شَجَرَةً» (دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ھەقىقەتەن بىر دەرەخ بار) دىكى «مِنْ» «...نىڭ بىر

قىسمى، بەزىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «مِنْ» ، «اَلشَّجَر» دىكى «اَلْ» تولۇق مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ، يەنى: «دەرەخلەرنىڭ بەزىسى.... دەرەخ» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

(لا يسقط ورقها) كما يسقط أوراق غيرها في بعض فصول العام، بل ولا يخف كما يخف كثير من ورق الشجر، والجملة صفة "شجرة" وفي رواية "لا يتحات ورقها ولا....ولا....ولا..." قيل في تفسيرها: "ولا ينقطع ثمرها ولا يعدم فيؤها، ولا يبطل نفعها" قال بعض العلماء: بركة النخل في جميع أجزائها، وعلى مر الأيام، فمن حين يطلع ثمرها إلى أن ييبس يؤكل أنواعا، بسرا ورطبا وتمرا، وينتفع بخوصها وجريدها وليفها وجذعها حتى النوى ينتفع به في علف الدواب.

«لاَ يَسْقُطُ وَرَقُهَا» يىل پەسىللىرىنىڭ بەزىسىدە باشقا دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندەك «يوپۇرمىقى تۆكۈلمەيدىغان»، بەلكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى نۇرغۇن دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئازايغاندەك ئازايمايدىغان؛ بۇ جۈملە «شَجَرَة» سۆزىنىڭ سۈپىتى، بىر رىۋايەتتە «لاَ يَتَحَاتُّ وَرَقُهَا وَلاَ... وَلاَ... وَلاَ...» (يوپۇرمىقى چۈشمەيدىغان، ...مايدىغان، ...مايدىغان، ....مايدىغان) دەپ كەلدى، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە مۇنداق دېيىلدى: «ئۇنىڭ مېۋىسى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، سايىسى يوقالمايدىغان، مەنپەئىتى بىكار كەتمەيدىغان». بەزى ئالىملار مۇنداق دېدى: «خورمىنىڭ بەرىكىتى ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرىدا؛ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى كۆرۈنگەن چاغدىن تارتىپ ئۇ قۇرۇغانغا قەدەر خام خورما، پىششىق خورما، قۇرۇق خورمىدىن ئىبارەت بىر قانچە تۈردە يېيىلىدۇ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، چىۋىقى، قوۋزىقى، غولىدىن پايدىلىنىدۇ، ھەتتا ئۇرۇقچىسىدىنمۇ ھايۋانلارنىڭ يېمەكلىكىدە پايدىلىنىدۇ.

(وإنها مثل المسلم) "مثل" روي بفتح الميم والثاء، وبكسر الميم وسكون الثاء، مثل شبه -بفتح الشين والباء، وبكسر الشين وسكون الباء -لفظا ومعنى. والنخلة في روايتنا مشبه، والمسلم مشبه به، وجاء في رواية "إن مثل المؤمن كمثل شجرة لا تسقط لها أنملة" فالمؤمن مشبه، والنخلة مشبه به ووجه الشبه على الروايتين دوام النفع وكثرة الخير، ورواية "لا تسقط لها أنملة ولا تسقط لمؤمن دعوة" ورواية "شجرة مثلها مثل المؤمن، أصلها ثابت وفرعها في السماء" على أساس أن دين المسلم ثابت وعمله مقبول مرفوع وإن كان فيهما إشارة إلى وجه شبه، لكنهما فردان من أفراد دوام النفع وكثرة الخير، ولذا كانت رواية البزار شاملة موجزة. إذ قالت "مثل المؤمن مثل النخلة ما أتاك منها نفعك" وإسناده صحيح.

«وَإِنَّهَا مثلُ الْمُسْلِمِ» (ئۇ ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش) دىكى م ۋە ث پەتھەلىك ئېيتىلغان «مَثَل»: م كەسرەلىك ث سۈكۈنلۇق ئېيتىلغان «مِثْل» سۆزى ش ۋە ب پەتھەلىك كەلگەن «شَبَه»؛ ش كەسرەلىك ب سۈكۈنلۇق كەلگەن «شِبْه» بىلەن شەكىل ۋە مەنە جەھەتتە ئوخشاش. بىزنىڭ بۇ رىۋايىتىمىزدە خورما ئوخشىتىلغۇچى (مُشَبَّهٌ)، مۇسۇلمانلار ئوخشىغۇچى (مُشَبَّهٌ بِهِ). بىر رىۋايەتتە: «مۇئمىن كىشى بىرەر بىخمۇ چۈشۈپ كەتمەيدىغان دەرەخكە ئوخشاش» دەپ كەلدى، ئۇنداقتا مۇئمىن ئوخشىتىلغۇچى، خورما ئوخشىغۇچى، ئوخشاشلىق نۇقتىسى (وَجْهُ الشَّبَهِ) مەنپەئەتنىڭ داۋاملىق بولۇشى، ياخشىلىقنىڭ كۆپلىكى. بىر رىۋايەتتە: «ئۇنىڭ بىرەر بىخىمۇ تۆكۈلمەيدۇ، مۇئمىننىڭ بىرەر تىلىكىمۇ بىكار كەتمەيدۇ» دەپ كەلدى؛ يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىر دەرەخ بار، ئۇ مۇئمىنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ يىلتىزى مۇستەھكەم، ئۇنىڭ شېخى ئاسمانغا تاقاشقان» دەپ كەلدى. مۇسۇلماننىڭ دىنىنىڭ مۇستەھكەم، قىلغان ئەمىلىنىڭ مەمنۇن بولارلىق، قوبۇل قىلىنارلىق ئىكەنلىكى ئاساسىدا ئۇ ئىككىسى (دەرەخ ۋە مۇسۇلمان كىشى) دە ئوخشاشلىق نۇقتىسىغا بىر ئىشارەت

بولسمۇ، لېكىن ئۇ ئىككىسى مەنپەئەتنىڭ دائىملىقى، ياخشىلىقنىڭ كۆپلۈكىدىكى ئىككى يېگانە شەيئىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بەززارنىڭ «مۇئمىن كىشى خورمىغا ئوخشاش، ساڭا ئۇنىڭدىن نېمە كەلسە، ئۇ ساڭا مەنپەئەت قىلىدۇ.» دېگەن چاغدىكى رىۋايىتى ئەتراپلىق، ئىخچام. ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش ئىزچىللىقى توغرا.

أما من قال إن وجه الشبه كون النخلة إذا قطع رأسها ماتت، أو كونها لا تحمل حتى تلقح، أو كونها تموت إذا غرقت، أو لأن لطلعها رائحة مني الآدمي، أو لأنها تعشق، أو لأنها تشرب من أعلاها، فكلها أوجه ضعيفة لا يعتد بها، كما قال الحافظ ابن حجر، لأن جميع ذلك من المتشابهات مشترك في الآدمي لا يختص بالمسلم.

ئەمما «ئوخشاشلىق نۇقتىسى: خورما دەرىخىنىڭ يۇقىرى قىسمى كېسىلسە ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى؛ ياكى خورما دەرىخىنىڭ چاڭلاشمىغۇچە مېۋە بەرمەيدىغان بولۇشى؛ ياكى خورما دەرىخى سۇ بېسىپ كەتسە ھالاك بولۇشى» دەيدىغان ۋە ياكى خورما دەرىخىنىڭ دەسلەپكى مېۋىسىدە ئادەم سپېرمىسىنىڭ پۇرىقى بار بولغانلىقى ياكى خورما دەرىخى سۆيۈملۈك بىلىنىدىغانلىقى ياكى خورما دەرىخى يۇقىرى قىسمىدىن سۇ سۈمۈرىدىغانلىقى، دەيدىغانلارغا كەلسەك ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئېيتقاندەك مۇھىم سانالمايدىغان تەرەپلەر. چۈنكى ئاشۇ ئوخشاشلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردا ئورتاق بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا خاس بولمىغان.

(فحدثوني ما هي؟) الفاء في جواب شرط مقدر، أي إذا عرفتموها فحدثوني، وجملة "ما هي" خبر ومبتدأ سدت مسد مفعولي "حدث".

« فَحَدِّثُونِي مَا هِيَ؟» (سىلەر ماڭا ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار) قىياس قىلىنغان شەرتنىڭ جاۋابىدا كېلىدۇ، يەنى «إِذَا عَرَفْتُمُوهَا فَحَدِّثُونِي» (ئەگەر بىلسەڭلار ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار) «مَا هِيَ» جۈملىسى خەۋەر ۋە مۇبتەدا بولۇپ «حَدِّثْ» نىڭ ئىككى تولدۇرغۇچىسىنىڭ ئورنىدا كەلدى.

(فوقع الناس في شجر البوادي) أي ذهبت أفكارهم في أشجار البادية فجعل كل منهم يفسرها بنوع من الأنواع وذهلوا عن النخلة. يقال: وقع الطائر على الشجرة إذا نزل عليها.

« فَوَقَعَ النَّاسُ فِي شَجَرِ الْبَوَادِي» (كىشىلەرنىڭ ئوي ـ خىياللىرى سەھرالاردىكى دەرەخلەرگە چۈشتى) يەنى ئۇلارنىڭ ئويلىرى سەھرالاردىكى دەرەخلەرگە يېتىپ باردى ـ دە، ئۇلار ھەربىرى ئۇنى مەلۇم بىر تۈر بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ئۇلار خورمىنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىدى. قۇش دەرەخكە قونسا «وَقَعَ الطَّائِرُ عَلَى الشَّجَرَةِ» (قۇش دەرەخكە قوندى) دېيىلىدۇ.

(ووقع في نفسي أنها النخلة) في رواية "فظننت أنها النخلة من أجل الجمار الذي أتى به".

« وَوَقَعَ فِي نَفْسِي أَنَّهَا النَّخْلَةُ» (مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ خورما ئىكەنلىكى كەلدى) يەنە بىر رىۋايەتتە «مەن ئۇنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئەكەلگەن خورما غولى يىلىكى سەۋەبىدىن خورما دەپ ئويلىدىم» دەپ كەلدى.

(فاستحييت) في رواية "فأردت أن أقول هي النخلة فإذا أنا أصغر القوم" وفي أخرى "فإذا أنا عاشر عشرة أنا أحدثهم" وفي رواية "ورأيت أبا بكر وعمر لا يتكلمان فكرهت أن أتكلم".

« فَاسْتَحْيَيْتُ» (مەن تارتىندىم). بىر رىۋايەتتە: «ئۇ-خورما دېمەكچى بولدۇم، قارىغۇدەك بولسام مەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىكەنمەن» دەپ كەلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە :«قارىغۇدەك بولسام مەن ئون كىشىنىڭ ئونىنچىسى، مەن ئۇلارنىڭ ياشتا ئەڭ كىچىكى ئىكەنمەن» دەپ كەلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە :« مەن ئەبۇ بەكر ۋە ئۆمەرنىڭ گەپ قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆردۈمدە سۆزلەشنى ياقتۇرمىدىم» دەپ كەلدى.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

ذكر البخاري هذا الحديث في باب الحياء في العلم، قال الحافظ ابن حجر: فيه استحباب الحياء ما لم يؤد إلى تفويت مصلحة، ولهذا تمنى عمر أن يكون ابنه لم يسكت. اهـ وفي هذا الكلام نظر، إذ كيف يتمنى عمر أن يكون ابنه قد ترك المستحب. والحياء في العلم مذموم، وليس مستحبا لكن عدمه هنا تعارض مع توقير الكبير، فرفع الذم ولم يأخذ حكم الاستحباب وتمنى عمر أن لو قالها إنما كان من قبيل ما طبع الإنسان عليه من حبه الخير لنفسه ولولده، ولتظهر فضيلة الولد في الفهم من صغره، وليزداد من النبي صلى الله عليه وسلم حظوة، ولعله كان يرجو أن يدعو له إذ ذاك بالزيادة في الفهم.

بۇخارىي بۇ ھەدىسنى «ئىلىم ئۆگىنىشتە ھايا قىلىش» بابىدا تىلغا ئالدى. ھاپىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: «بۇ ھەدىستە ھايا قىلىش بىرەر مەنپەئەتنى كەتكۈزۈپ قويۇشقا ئېلىپلا بارمايدىكەن، ھايا قىلىشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى بار، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر ئوغلىنىڭ جىم تۇرۇۋالمىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى» بۇ سۆزدە يەنە بىر قاراش بار، چۈنكى ئۆمەر ئوغلىنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان بىر ئىشنى تەرك ئەتكەن بولۇشىنى قانداقسىگە ئۈمىد قىلىدۇ؟ ئىلىم ئۆگىنىشتە ھايا قىلىش ئەيىبلىنىدىغان، ياخشى كۆرۈلمەيدىغان بىر ئىش، لېكىن بۇ يەردە ھايا قىلماسلىق چوڭلارنى ھۆرمەتلەش بىلەن قارىمۇ-قارشى، ئۆمەرنىڭ (ھايا قىلىشنىڭ) ياخشى كۆرۈلۈش ھۆكمىنى قوبۇل قىلماي، ئەيىبلىنىشنى ئېلىپ تاشلىشى ۋە ئۇ (ئوغلى ئابدۇللا) نىڭ ئونى (خورما) دېگەن بولسا ئىدى دەپ ئارزۇ قىلىشى پەقەتلا ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا خاراكتېرلەنگەن ئۆزى ئۈچۈن ۋە بالىسى ئۈچۈن ياخشىلىقنى خوپ كۆرۈشىنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى، ئاشۇ بالىنىڭ چۈشەنچىدىكى ئارتۇقچىلىقى كىچىكىدىن باشلاپ ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تېخىمۇ ياخشى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى، ئېھتىمال ئۆمەر ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىگەندۇ، چۈنكى ئاشۇ چۈشەنچىنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن بولىدۇ.

وذكره البخاري في باب الفهم في العلم كدليل على أن العلم مواهب، وأن العالم الكبير قد يخفى عليه بعض ما يدركه من هو دونه، والله يؤتي فضله من يشاء.

بۇخارىي «ئىلىم ئۆگىنىشتە چۈشىنىش» بابىدا بۇ ھەدىسنى «ئىلىم ئىنساننىڭ تۇغۇلما ئىقتىدارى ئىكەنلىكى؛ كاتتا ئالىملارغىمۇ ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان كىشى بىلىپ يېتەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى بىلىنمەسلىكى مۇمكىنلىكى؛ ئاللا خالىغان كىشىگە ئۆز پەزلىنى ئاتا قىلىدىغانلىقى» نىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە تىلغا ئالدى.

وبوب عليه البخاري في الأطعمة كدليل على أن قطع الجمار ليس من باب إضاعة المال، وأن بيع الجمار جائز وليس من باب بيع الثمار قبل بدو صلاحها.

بۇخارىي بۇ ھەدىسنى «يېمەكلىكلەر كىتابى» تەركىبىدىكى بىر بابقا «خورما غولى يىلىكىنى ئۈزۈش مال-دۇنياغا زىيان سېلىش جۈملىسىدىن ئەمەسلىكى؛ خورما غولى يىلىكىنى سېتىش جائىز ئىكەنلىكى، مېۋە يارىغۇدەك بولغانلىقىنى بىلىشتىن ئىلگىرى سېتىشقا ئوخشاش ئەمەسلىكى» نىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇردى.

بوب عليه البخاري في الأدب لما فيه من توقير الكبير وتقديم الصغير أباه في القول، وأنه لا يبادره بما فهمه وإن ظن أنه الصواب.

ئەدەب-ئەخلاقنىڭ تەركىبىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ۋە كىچىك كىشى سۆزلەشتە ئاتىسىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈش؛ كىچىك كىشى ئۆزى چۈشەنگەن نەرسىنى توغرا دەپ ئويلىسىمۇ ئۇنى دادىسىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويماسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇخارىي بۇ ھەدىسنى «ئەدەب-ئەخلاق كىتابى» تەركىبىدە بىر بابقا كىرگۈزدى.

## يؤخذ من الحديث فوق ما تقدم (يۇقىرقىلاردىن باشقا ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ)

1 - ضرب الأمثال والأشباه لزيادة الأفهام، وتصوير المعاني لترسخ في الذهن.

چۈشەنچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىساللار ۋە ئوخشىتىشلارنى كەلتۈرۈش ۋە مەنالارنى زېھنىگە چوڭقۇر ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن ئۇنى ئوبرازلىق بايان قىلىپ بېرىش.

2 - الإشارة إلى أن تشبيه الشيء بالشيء لا يلزم أن يكون نظيره من جميع وجوهه، فإن المؤمن لا يماثله شيء من الجمادات ولا يعادله شيء منها.

بۇ يەردە بىر نەرسىنى بىر نەرسىگە ئوخشىتىش بارلىق ئوخشاشلىق نۇقتىلىرىدىن ئۇنىڭ ئوخشاش بولۇشىنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىگە بىر ئىشارە بار. شۇڭا مۇئمىن كىشىگە جانسىز مىنىرال ماددىلاردىن بىرەر نەرسە ئوخشىتىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشۇنىڭدىن بىرەر نەرسە باراۋەر كەلمەيدۇ.

3 - فيه امتحان العالم أذهان الطلبة بما يخفى، مع بيانه لهم إن لم يفهموه، أما حديث معاوية في النهي عن الأغلوطات -أي صعاب المسائل -فإنه محمول على ما لا نفع فيه، أو ما خرج على سبيل تعنت المسئول أو تعجيزه.

ھەدىستە ئۆگەنگۈچىلەر يوشۇرۇن بولغان بىر نەرسىنى چۈشەنمىسە ئالىم ئۇلارغا بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زېھنىنى سىناپ بېقىش بار. ئەمما مۇئاۋىيەنىڭ خاتالىشىپ قالىدىغان ئىشلار، يەنى قىيىن مەسىلىلەرنى چەكلەش ھەققىدىكى ھەدىسىگە كەلسەك ئۇ تەركىبىدە ھېچبىر مەنپەئەت بولمىغان ياكى سورالغۇچىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇش، ئىقتىدارسىز قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئىشلار بىلەن بىر ھۆكۈمدىدۇر.

4 - فيه إشارة إلى أن سامع اللغز ينبغي أن يتفطن للقرائن الواقعة عند السؤال فإن ابن عمر إنما فهم لملاحظته قرينة الجمار. كما ذكر في بعض الروايات.

ھەدىستە تېپىشماق ئاڭلىغۇچى سوئال سورالغاندا رىيال تىل پاكىتلىرىنى چۈشىنىۋېلىش لازىملىقىغا بىر ئىشارە بار. چۈنكى ئىبنى ئۆمەر پەقەتلا بەزى رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغاندەك «خورما

غولى يىلىكى» دېن ئىبارەت تىل پاكىتىنى بايقىغانلىقى ئۈچۈنلا چۈشەندى.

5 – فيه أن الملغز ينبغي أن لا يبالغ في التعمية، بحيث لا يجعل للسامع بابا يدخل منه، بل كلما قربه كان أوقع في نفس سامعه.
ھەدىستە تېپىشماق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىغا ئۇ كىرىدىغان بىر ئىشىك قالدۇرمايلا قالماستىن بەلكى ئۇ ئىشىككە ھەر بىر يېقىنلاشقىنىدا ئۇ ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىدە ناھايىتى ئايان بولۇشى ئۈچۈن بەك يۇشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويماسلىقى بار.

6 – فيه دليل على بركة النخلة وما تثمره.
ھەدىستە خورما دەرىخىنىڭ بەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ بېرىدىغان مېۋىلىرىگە بىر دەلىل بار.

7 – استدل به مالك على أن الخواطر التي تقع في القلب من محبة الثناء على أعمال الخير لا يقدح إذا كان أصلها لله. وهذا المأخذ من رواية قول عمر لابنه "لو قلتها..." إلخ.
مالىك بۇ ھەدىس بىلەن كۆڭۈلدە كەچكەن ياخشى ئەمەللەرنى ماختاشنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئوي ـ خىياللارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاللاھ ئۈچۈن بولسا ئۇنىڭ يامان كۆرۈلمەيدىغانلىقىغا دەلىل كەلتۈردى. بۇ ئۆمەرنىڭ ئوغلىغا «سەن ئۇنى دېگەن بولساڭ...» دېگەن رىۋايىتىدىن ئېلىنغان مەنا.

8 – كما يؤخذ من الرواية نفسها الإشارة إلى حقارة الدنيا في عين عمر، لأنه قابل فهم ابنه لمسألة واحدة بحمر النعم.
بۇ رىۋايەتنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغىنىدەك ئۆمەرنىڭ قارىشىدا دۇنيا مەئىشەتتىنى پەس كۆرىدىغانلىقىغا بىر ئىشارە بار. چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ بىرەر مەسىلىنى چۈشۈنۈۋېلىشىنى نەسىللىك ئۆي ھايۋانلىرىغا تەڭلەشتۈردى.

9 – ما ينبغي أن يكون عليه المسلم من العطاء ونفع الغير وبذل الخير.
مۇسۇلمان كىشى تايىنىشى لازىم بولىدىغان ئىشلار سوۋغا بېرىش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ياخشى ئىشقا كۈچ چىقىرىش.

## أَسْئِلَةٌ (سوئاللار)

1. اشرح الحديث مصورا وقائعة وأهدافه.
ھەدىسنى ئۇنىڭ رېئاللىقلىرى ۋە نىشانلىرىنى ئوبرازلىق بايان قىلغان ھالدا چۈشەندۈرۈڭ.

2. وما نوع "من" و"ال" فى "من الشجر"؟ وما موقع جملة "لا يسقط ورقها"؟ وما معناها؟
«مِنَ الشَّجَرِ» دىكى «مِنْ» ۋە «اَلْ» نىڭ تۈرى قايسى؟ «لاَ يَسْقُطُ وَرَقُهَا» جۈملىسىنىڭ گراماتىكىلىق ئورنى نېمە؟ ۋە ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

3. فى بعض الروايات "لا يتحات ورقها، ولا... ولا..." فماذا قيل في تفسير مدخول النفى؟
بەزى رىۋايەتلەردە «لاَ يَتَحَاتُّ وَرَقُهَا، ولا... ولا...» دېگەن ئىبارە بار. بولۇشسىز قوشۇمچە كىرگۈزۈلگەن سۆزنىڭ تەپسىرى ھەققىدە نېمىلەر دېيىلدى؟

4. وماذا تعرف عن منافع النخلة وبركتها؟
خورما دەرىخىنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بەرىكىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

5. ما وجه الشبه بينها وبين المسلم؟ وهل النخلة مشبه أو مشبه به على مختلف الروايات؟
خورما بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسى قايسى؟ خورما خىلمۇ ـ خىل

رىۋايەتلەردە ئوخشىتىلغۇچىمۇ ياكى ئوخشىغۇچىمۇ؟

6. ما ضبط كلمة "مثل"؟ وما المقصود بها، ذكر بعض العلماء وجوها للشبه غير مقبولة. فماذا قالوا؟ وما سر ضعفها؟
«مثل» سۆزىگە تەلەپپۇز بەلگىسىنىڭ توغرا قويۇلۇشى قانداق؟ ئۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنا نېمە؟ بەزى ئالىملار ئوخشاشلىق نۇقتىلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ھالدا تىلغا ئالدى، ئۇلار نېمە دېدى؟ ئوخشاشلىق نۇقتىلىرىنىڭ ئاجىز بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

7. ما موقع الفاء واعراب الجملة فى "فحدثونى ما هى"؟
«فَحَدِّثُونِي مَا هِيَ» دىكى «فَ» نىڭ كەلگەن ئورنى قايسى؟ «مَا هِيَ» جۈملىسىنىڭ گرامماتىكىلىق تۈرلىنىشى نېمە؟

8. ما المراد من وقوع الناس في شجر البوادى؟
«كىشىلەرنىڭ (ئوي ـ خىياللىرىنىڭ) سەھرالاردىكى دەرەخلەرگە قونۇشى» دىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنا نېمە؟

9. من أى شىء استحيا ابن عمر؟ ولم استحيا؟ وهل الاستحياء فى العلم مشروع؟ وهل رضى أبوه بهذا الحياء؟ ولماذا؟
ئىبنى ئۆمەر قايسى ئىشتىن ھايا قىلدى؟ نېمە ئۈچۈن ھايا قىلدى؟ ئىلىم ئۆگىنىشتە ھايا قىلىش شەرىئەتكە ئۇيغۇنمۇ؟ ئۇنىڭ دادىسى بۇنداق ھايا قىلىشقا رازى بولدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

10. هل أخطأ ابن عمر في ذلك أو أصاب؟ وجه ما تقول.
ئىبنى ئۆمەر ئاشۇنىڭدا خاتا قىلدىمۇ ياكى توغرا قىلدىمۇ؟ دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

11. ذكر البخارى هذا الحديث تحت باب الفهم فى العلم، وفي الأطعمة، وفى الأدب. فعلام استدل به في هذه الأبواب؟
بۇخارىي بۇ ھەدىسنى «ئىلىم ئۆگىنىشتە چۈشۈنۈش» بابى تەركىبىدە، ۋە «يېمەكلىكلەر كىتابى» دا ۋە «ئەدەب ـ ئەخلاق كىتابى» دا تىلغا ئالدى. بۇ بابلاردا بۇ ھەدىس بىلەن نېمىگە دەلىل كەلتۈرۈلدى؟

12. ماذا تأخذ من الحديث من الأحكام؟
سىز ھەدىستىن نېمە ھۆكۈملەرنى ئالىسىز؟

## شَرْحُ الْكَلِمَاتِ

| | |
|---|---|
| مَثَلٌ ج أَمْثَالٌ / شَبَهٌ، نَظِير | ئوخشاش |
| مِثْلٌ ج أَمْثَالٌ / شِبْهٌ | ئوخشاش |
| حَدَّثَ فُلاَنًا الشَّيْءَ كَذَا (متعدٍّ إلى ثَلاَثَةِ مَفَاعِيلَ) | ...گە ...نىڭ ...لىقىنى سۆزلەپ بەردى |
| حَدَّثَ / رَوَى حَدِيثَ النَّبِيِّ | پەيغەمبەر ھەدىسىنى سۆزلەپ بەردى |
| وَقَعَ الطَّيْرُ عَلَى الشَّجَرِ | قۇش دەرەخكە قوندى |
| وَقَعَ النَّاسُ فِي شَجَرِ الْبَوَادِي / وَقَعَ أَفْكَار الناسِ فيه | كىشىلەرنىڭ خىيال قۇشى سەھرالاردىكى دەرەخلەرگە قوندى، چۈشتى |
| وَقَعَ الأَمْرُ / حَصَلَ وَحَدَثَ | يۈز بەردى، پەيدا بولدى |
| وَقَعَ فِي نَفْسِي أَنَّهَا النَّخْلَةُ | مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ خورما ئىكەنلىكى كەلدى |
| بَادِيَةٌ ج بَوَادٍ / فَضَاءٌ وَاسِعٌ فِيهِ الْمَرْعَى والْمَاءُ | سەھرا، يايلاق |
| بَادِيَةٌ / صَحْرَاء | قۇملۇق، چۆل |
| اِسْتَحْيَا مِنْهُ / خَجِلَ | ھايا قىلدى، تارتىندى، خىجىل بولدى، ئۇيالدى |

**المعنى العامّ**

أَتَى يَأْتِي أَتْيًا وَإِتْيَانًا فُلاَنٌ / جَاءَ وَحَضَرَ    كەلدى

أَتَى بِهِ / أَحْضَرَهُ    ئېلىپ كەلدى، ئەكەلدى

أَتَى فُلاَنًا بِهِ / جَاءَهُ بِهِ    ...نىڭ يېنىغا ...نى ئېلىپ كەلدى، ئەكەلدى

أَتَى فُلاَنًا بِالشَّيْءِ / أَعْطَاهُ بِهِ    ...گە ...نى بەردى، يەتكۈزۈپ بەردى

جُمَّارُ نَخْلٍ / قَلْبُ النَّخْلَةِ    خورما غولى ئۆزىكى، يىلىكى

جُمَّارٌ/ لُبُّ النَّبَاتَاتِ    ئۆسۈملۈك غول ئۆزىكى

شَرَعَ يَأْكُلُ / أَخَذَ يَأْكُلُ    يېيىشكە باشلىدى

طُولَ الْعَامِ    يىل بويى

اِنْعَدَمَ الشَّيْءَ / فُقِدَ    يوقالدى    وَلاَ يَنْعَدِمُ ظِلُّها    سايىسى يوقالمايدىغان

بَطَلَ يَبْطُلُ بُطْلاً وَبُطْلاَنًا الشَّيْءُ / ذَهَبَ خُسْرَانًا وَضَيَاعًا    بىكار كەتتى

عَلَى مَرِّ الْأَيَّامِ    كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

ثَابِتُ الدِّينِ    دىندا مۇستەھكەم

قُوتٌ / غِذَاءٌ    ئوزۇق

مُسْتَطَابٌ لِلْأَرْوَاحِ    كۆڭۈللەرگە ياقىدىغان

رَاحَ يُفَكِّرُ فِي .../ أَخَذَ يُفَكِّرُ    ...ئويلاشقا باشلىدى

صَدَّقَ الشَّيْءَ / حَقَّقَه    ئەمەلىلەشتۈردى، ئەمەلگە ئاشۇردى

صَدَّقَ عَلَى الْأَمْرِ / أَقَرَّهُ    قارارلاشتۇردى، بېكىتتى

مَا يُصَدِّقُ عَلَيْهِ الْأَوْصَافَ مِنَ الشَّجَرِ    ئاشۇ سۈپەتلەرنى ئەمەلىلەشتۈرۈپ بېكىتىدىغان دەرەخ

أَخَذُوا يَقُولُونَ :    ئۇلار ...دېيىشكە باشلىدى

شَجَرَةُ كَذَا    مۇنداق دەرەخ

عَدَّدُوا مِنْ شَجَرِ الْبَوَادِي مَا عَدَّدُوا    سەھرالاردىكى دەرەخلەرنىڭ سانىيالىغانلىرىنى سانىدى

فَإِذَا أَنَا عَاشِرُ عَشَرَةٍ    قارىغۇدەك بولسام مەن ئۇنىڭ ئونىنچىسى، شۇندا مەن ئۇنىڭ ئونىنچىسى

رَأَيْتُ أَنَا مِنَ الْأَدَبِ أَنْ لاَ أُجِيبَ أَمَامَكُمْ عَلَى سُؤَالٍ عَجَزْتُمْ عَنْ جَوَابِهِ

سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا سىلەر جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەلگەن

سوئالغا جاۋاب بەرمەسلىكنى ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارىدىم

حُمْرُ النَّعَمِ / كَرَائِمُهَا    نەسىللىك ئۆي ھايۋانلىرى

أَعْظَمُ الْأَمْوَالِ    مال ـ دۇنيالارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى

أَنْفَسُهَا    ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى

أَغْلاَهَا    ئۇنىڭ ئەڭ باھالىقى

# اَلْمَبَاحِثُ الْعَرَبِيَّةِ

| | |
|---|---|
| "مِنْ " تَبْعِيضِيَّة | «...نىڭ بىر قىسمى، بەزىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «مِنْ» |
| اَلْ لِلْجِنْسِ | تۈرداش مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدىغان «اَلْ» |
| فِي بَعْضِ فُصُولِ الْعَامِ | يىل پەسىللىرىنىڭ بەزىسىدە |
| خَفَّ يَخِفُّ خَفًّا وَخُفُوفًا الشَّيْءُ / قَلَّ ثِقَلُهُ، صَارَ خَفِيفًا | يەڭگىللىدى |
| خَفَّ الْمَطَرُ وَنَحْوُه / نَقَصَ، تَنَاقَصَ | ئازايدى، ئازايغىلى تۇردى |
| تَحَاتَّ وَرَقُ الشَّجَرِ / سَقَطَ | چۈشتى، تۆكۈلدى |
| فَيْءٌ ج أَفْيَاءٌ وَفُيُوءٌ / ظِلٌّ | سايە |
| طَلَعَ يَطْلُعُ طُلُوعًا الْكَوْكَبُ / ظَهَرَ | يۇلتۇز كۆرۈندى، يۇلتۇز تۇغدى |
| طَلَعَتِ النَّخْلَةُ / خَرَجَ طَلْعُهَا | خورما مېۋىلىدى، مېۋە چىقاردى |
| مِنْ حِينِ يَطْلُعُ ثَمَرُهَا | ئۇ مېۋىلىگەن چاغدىن باشلاپ |
| إِلَى أَنْ يَيْبَسَ | قۇرىغان چاغقىچە |
| بُسْرٌ / ثَمَرُ النَّخْلِ قَبْلَ أَنْ يُرْطِبَ | خام خورما |
| رُطَبٌ / بَلَحٌ نَاضِجٌ | پىشقان خورما |
| بَلَحٌ / حَمْلُ النَّخْلِ مَا دَامَ أَخْضَرَ | ياش خورما |
| تَمْرٌ / بَلَحٌ يَابِسٌ | قۇرۇق خورما |
| خُوصٌ ج خَوْصَاءُ / وَرَقُ النَّخْلِ | خورما يوپۇرمىقى |
| جَرِيدٌ / قُضْبَانُ النَّخْلِ الْمُجَرَّدَةِ مِنْ وَرَقِهَا | خورما چىۋىقى، شېخى |
| لِيفُ النَّخْلِ | خورما دەرىخى تالاسى، قوۋزىقى |
| جِذْعٌ ج أَجْذَاعٌ و جُذُوعٌ / سَاقُ النَّخْلِ | خورما غولى |
| نَوًى / جَمْعُ نَوَاةِ التَّمْرِ | خورما ئۇرۇقلىرى |
| عَلَفٌ ج أَعْلاَفٌ / طَعَامُ الْحَيَوَانِ | هايۋانلارنىڭ يېمەكلىكى، يەم-بوغۇز |
| لَفْظًا وَمَعْنًى | شەكىل ۋە مەنا جەھەتتە |
| مُشَبَّهٌ | ئوخشىتىلغۇچى |
| مُشَبَّهٌ بِهِ | ئوخشىغۇچى |
| أُنْمُلَةٌ / رَأْسُ الْإِصْبَعِ | بارماق ئۇچى |
| أُنْمُلَةٌ مِنَ الشَّجَرِ | بىخ |
| وَجْهُ الشَّبَهِ | ئوخشاشلىق نوقتىسى |
| دَوَامُ النَّفْعِ | مەنپەئەتىنىڭ داۋاملىق بولۇشى |
| كَثْرَةُ الْخَيْرِ | ياخشىلىقنىڭ كۆپ بولۇشى |
| وَلاَ تَسْقُطُ لِمُؤْمِنٍ دَعْوَةٌ | مۇئمىنىنىڭ تىلىكى بىكار كەتمەيدۇ |
| عَلَى أَسَاسِ أَنَّ ... | ...ئىكەنلىكى ئاساسىدا |

| | |
|---|---|
| مَقْبُولٌ / مَرْضِيٌّ | رازى بولارلىق، مەمنۇن بولارلىق |
| رَفَعَ اللّٰهُ عَمَلَهُ / قَبِلَهُ | ئاللاھ ئۇنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلدى |
| مَرْفُوعٌ / مَقْبُولٌ | قوبۇل قىلىنارلىق |
| فَرْدَانِ مِنْ أَفْرَادِ... | ... دىكى ئىككى يىگانە شەيئى |
| مَا أَتَاكَ مِنْهَا نَفْعُكَ | سىنىڭ مەنپەئەتىڭ ساڭا ئۇنىڭدىن كەلگەن نەرسە |
| إِسْنَادُ الْحَدِيثِ | ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىشىنىڭ ئىزچىللىقى |
| سَنَدُ الْحَدِيثِ | ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىزچىللىقى |
| اَلْحَدِيثُ الْمُسْنَدُ | رىۋايەت قىلىنىشى ئىزچىل ھەدىس |
| رَأْسُ النَّخْلَةِ / أَعْلاَهَا | خورمىنىڭ يوقىرى قىسمى، يوقۇرىسى |
| حَمَلَتِ الشَّجَرَةُ / كَانَ عَلَيْهَا الثَّمَرُ | دەرەخ مېۋىلىدى |
| لَقَحَ يَلْقَحُ لَقْحًا النَّخْلَ / أَبَرَهُ أَيْ وَضَعَ طَلْعَ الذُّكُورِ فِي الْإِنَاثِ | چاڭلاشتۇردى |
| حَتَّى تُلْقَحَ (حَتَّى بمعنى إِلاَّ) | چاڭلاشمىغۇچە |
| طَلْعٌ / مَا يَبْدُو مِنْ ثَمَرَةِ النَّخْلِ فِي أَوَّلِ ظُهُورِهَا | دەسلەپكى خورما، دەسلەپكى مېۋە |
| طَلْعُ النَّبَاتِ | گۈل چېچەكى |
| رَائِحَةُ مِنَى الْآدَمِيِّ | ئىنسان سپېرمىسىنىڭ پۇرىقى |
| مِنًى / نُطْفَةٌ | مەنى، سپېرما |
| آدَمِيٌّ / إِنْسَانٌ | ئىنسان |
| عَشِقَ يَعْشِقُ عِشْقًا هُ / أَحَبَّهُ أَشَدَّ الْحُبِّ | سۆيۈملۈك بىلدى، ياخشى كۆردى |
| لِأَنَّهَا تُعْشَقُ | ئۇ سۆيۈملۈك بىلىنىدىغانلىقى |
| لِأَنَّهَا تُشْرَبُ مِنْ أَعْلاَهَا | ئۇنىڭ يوقىرى قىسمىدىن سۇ سۈمۈرىدىغانلىقى |
| يُعْتَدُّ بِهَا / لاَ يُهْتَمُّ بِهَا | مۇھىم سانالمايدىغان |
| جَمِيعُ ذَلِكَ مِنَ الْمُتَشَابِهَاتِ | ئاشۇ ئوخشاشلىقلارنىڭ ھەممىسى |
| جَوَابُ شَرْطٍ مُقَدَّرٍ | قىياس قىلىنغان شەرتنىڭ جاۋابى |
| سَدَّ مَسَدَّهُ / قَامَ مَقَامَهُ | ئۇ...نىڭ ئورنىدا كەلدى |
| سَدَّتْ جُمْلَةٌ مَسَدَّ مَفْعُولَيْ "حَدَّثَ" | جۈملە «حَدَّثَ» پېئىلىنىڭ ئىككى تولدۇرغۇچىسىنىڭ ئورنىدا كەلدى |
| جَعَلَ يُفَسِّرُهَا / أَخَذَ يُفَسِّرُهَا | ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى |
| ذَهِلَ يَذْهَلُ الْأَمْرَ وَعَنْهُ / نَسِيَهُ وَغَفَلَ عَنْهُ | ئېسىدىن چىقاردى، كۆڭلىگە كەلتۈرمىدى |
| ذَهَلُوا عَنِ النَّخْلَةِ | ئۇلار خورمىنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىدى |
| أَجْلٌ / سَبَبٌ — سەۋەب | مِنْ أَجْلِ كَذَا — ئاشۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشۇ سەۋەپتىن |

مِنْ أَجْلِ الْجُمَّارِ الَّذِى أَتَى بِهِ ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئېلىپ كەلگەن خورما غولى يىلىكى سەۋەبىدىن

إِذَا : حَرْفُ مُفَاجَأَةٍ، لاَ تَحْتَاجُ إِلَى جَوَابٍ وَلاَ تَقَعُ فِي الْاِبْتِدَاءِ وَتَخْتَصُّ بِالْجُمْلَةِ الْاِسْمِيَّةِ وَمَعْنَاهَا الْحَالُ
«شۇندا، توساتتىن، قارىغۇدەك بولسام» دېگەن تاسادىپىيلىق مەنىسىدىكى قوشۇمچە ئۇ جاۋاب جۇملىگە ھاجەت بولمايدۇ، جۇملە بېشىدا كەلمەيدۇ، مەخسۇس ئىسمىلىق جۇملە بىلەن كېلىدۇ، مەنىسى ھازىرقى زامان مەنىسىدە

| | |
|---|---|
| فَإِذَا أَنَا أَصْغَرُ الْقَوْمِ | قارىغۇدەك بولسام مەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىكەنمەن |
| حَدِيثُ السِّنِّ | ياش، ياشتا كىچىك |
| أَحْدَثُهُمْ | ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشتا ئەڭ كىچىك بىرى |

## فِقْهُ الْحَدِيثِ

حَافِظٌ / مَنْ يَحْفَظُ الْقُرْآنَ أَوْ مَنْ يَحْفَظُ عَدَدًا كَبِيرًا مِنَ الْأَحَادِيثِ الشَّرِيفَةِ ھاپىز (قۇرئاننى يادقا ئالغان كىشى ياكى نۇرغۇن ساندىكى ھەدىسنى يادلىغان كىشى)

| | |
|---|---|
| اِسْتَحَبَّ الشَّيْءَ / أَحَبَّهُ | ياخشى كۆردى |
| اِسْتَحَبَّهُ / اِسْتَحْسَنَهُ | ياخشى دەپ بىلدى، ياخشى ھېس قىلدى |
| اِسْتِحْبَابُ الْحَيَاءِ | ھايا قىلىشنى ياخشى كۆرۈش |
| فَوَّتَهُ / أَضَاعَهُ | كەتكۈزۈپ قويدى، يوق قىلدى |
| مَالَمْ يُؤَدِّ إِلَى تَفْوِيتِ مَصْلَحَةٍ | ئۇ بىرەر پەنپەئەتنى كەتكۈزۈپ قويۇشقا ئېلىپ بارمىغانلا بولىدىكەن |
| تَمَنَّى أَنْ يَفْعَلَ ... | ...قىلىشنى ئارزۇ قىلدى، ئۈمىد قىلدى |
| نَظَرٌ / تَأَمُّلٌ ، تَفْكِيرٌ | ئوي، قاراش |
| مُسْتَحَبٌّ / مَا فُضِّلَ عَلَى غَيْرِهِ | ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىش |
| مُسْتَحَبٌّ / مَا رَغَّبَ فِيهِ الشَّارِعُ وَلَمْ يُوجِبْهُ | مۇستەھەب، تەرغىب قىلىنغان ئىش |
| مَذْمُومٌ / مَعِيبٌ، مَكْرُوهٌ | ئەيىبلىنىدىغان، ياخشى كۆرۈلمەيدىغان (ئىش) |
| عَدَمُهُ هُنَا / عَدَمُ الْحَيَاءِ هُنَا | بۇ يەردە ھايا قىلماسلىق |
| تَعَارُضٌ مَعَ تَوْقِيرِ الْكَبِيرِ | چوڭلارنى ھۆرمەتلەش بىلەن قارىمۇ ـ قارشى |
| رَفْعُ الذَّمِّ / إِزَالَةُ الذَّمِّ، إِلْغَاءُ الذَّمِّ | ئەيىبلەشنى ئېلىپ تاشلاش، ئەيىبلىمەسلىك |
| تَمَنِّي عُمَرَ أَنْ لَوْ قَالَهَا | ئۆمەرنىڭ ئۇ ئاشۇنى ئېيتسا ئىدى دەپ ئارزۇ قىلىشى |

مِنْ قَبِيلِ مَا طُبِعَ الْإِنْسَانُ عَلَيْهِ مِنْ حُبِّهِ الْخَيْرَ لِنَفْسِهِ
ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا خاراكتېرلەنگەن ئۆزى ئۈچۈن ياخشىلىقنى خوپ كۆرۈش جۈملىسىدىن

| | |
|---|---|
| فَضِيلَةُ الْوَلَدِ فِي الْفَهْمِ | بالىنىڭ چۈشەنچىدىكى ئارتۇقچىلىقى |
| مِنْ صِغَرِهِ | كىچىكىدىن باشلاپ |
| لِيَزْدَادَ مِنَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حُظْوَةً | ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تېخىمۇ ياخشى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن |
| لَعَلَّهُ كَانَ يَرْجُو أَنْ يَدْعُوَ لَهُ | ئېھتىمال ئۇ ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىگەندۇ |
| كَدَلِيلٍ عَلَى أَنَّ ... | ...ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە |

| | |
|---|---|
| مَوْهِبَةٌ جمَوَاهِبُ / اِسْتِعْدَادٌ فِطْرِيٌّ لَدَى الْمَرْءِ | تۇغۇلما ئىقتىدار |
| بَعْضُ مَا يُدْرِكُهُ مَنْ هُوَ دُونَهُ | ئۇنىڭدىن تۆۋەن كىشى بىلىپ يېتەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى |
| بَوَّبَ عَلَيْهِ الْبُخَارِيُّ فِي الْأَطْعِمَةِ | بۇخارىي ئۇنى «يېمەكلىكلەر كىتابى» تەركىبىگە ئورۇنلاشتۇردى |
| بَوَّبَ الْكِتَابَ / جَعَلَهُ أَبْوَابًا | بابلارغا بۆلدى |
| بَوَّبَ الْأَشْيَاءَ / رَتَّبَهَا | ئورۇنلاشتۇردى، رەتلىدى |
| قَبْلَ بَدْوِ صِلاَحِهَا | ئۇ يارىغۇدەك بولغانلىقى بىلىنىشتىن ئىلگىرى |
| لِمَا فِيهِ مِنْ تَوْقِيرِ الْكَبِيرِ | ئۇ (ئەدەب ــ ئەخلاق) تەركىبىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش بولغانلىقى ئۈچۈن |
| تَقْدِيمُ الصَّغِيرِ أَبَاهُ فِي الْقَوْلِ | كىچىك سۆزلەشتە ئاتىسىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈش |
| بَادَرَ فُلاَنًا بِمَا فَهِمَهُ | ئۇ چۈشەنگىنىنى ...دىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويدى |
| وَإِنْ ظَنَّ أَنَّهُ الصَّوَابُ | ئۇ ئۇنى توغرا دەپ ئويلىسىمۇ |

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيثِ

| | |
|---|---|
| ضَرْبُ الْأَمْثَالِ وَالْأَشْبَاهِ | مىساللار ۋە ئوخشىتىشلارنى كەلتۈرۈش |
| تَصْوِيرُ الْمَعَانِي | مەنىلەرنى ئوبرازلىق بايان قىلىش |
| لِتَرْسُخَ الْمَعَانِي فِي الذِّهْنِ | مەنالار زېھنىغا چوڭقۇر ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن |
| تَشْبِيهُ الشَّيْءِ بِالشَّيْءِ | بىر نەرسىنى بىر نەرسىگە ئوخشىتىش |
| نَظِيرُهُ / مَثِيلُهُ | ئۇنىڭ ئوخشىشى |
| مِنْ جَمِيعِ وُجُوهِهِ | بارلىق ئوخشاشلىق نۇقتىلىرىدىن |
| مَاثَلَهُ / شَابَهَهُ | ...گە ئوخشىدى، ...بىلەن ئوخشاش بولدى |
| جَمَادٌ ججَمَادَاتٌ / مَا لاَ يَنْمُو وَلاَ حَيَاةَ لَهُ كَالْحَجَرِ | جانسىز ماددا، مىنېرال ماددا |
| عَادَلَهُ / سَاوَاهُ | ...گە باراۋەرلەشتى، ...بىلەن باراۋەر كەلدى |
| فِيهِ اِمْتِحَانُ الْعَالِمِ أَذْهَانَ الطَّلَبَةِ بِمَا يَخْفَى | ئۇنىڭدا ئالىمنىڭ ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ زېھنىنى يوشۇرۇن نەرسە بىلەن سىناپ بېقىش بار |
| أُغْلُوطَةٌ جأُغْلُوطَاتٌ / مَا يُغَالِطُ بِهِ مِنَ الْمَسَائِلِ الْمُبْهَمَةِ | خاتالىشىپ قالىدىغان ئىشلار |
| حَمَلَ الشَّيْءَ عَلَى الْآخَرِ / أَلْحَقَهُ بِهِ فِي حُكْمِهِ | ...نى ... بىلەن بىر ھۆكۈمدە قىلدى |
| مَحْمُولٌ عَلَى مَا لاَ نَفْعَ فِيهِ | ھېچبىر مەنپەئەتى بولمىغان ئىش ھۆكمىدە بولغۇچى |
| تَعَنَّتَ الرَّجُلَ / حَيَّرَهُ | ئوڭايسىزلاندۇردى، تەڭلىكتە قويدى |
| عَجَّزَ فُلاَنًا / نَسَبَهُ إِلَى الْعَجْزِ | ئىقتىدارسىز قىلىپ كۆرسەتتى |
| لُغْزٌ جأَلْغَازٌ / مَا يُعَمَّى بِهِ مِنَ الْكَلاَمِ | مەنىسى يوشۇرۇن ئېيتىلغان سۆز، تېپىشماق |
| تَفَطَّنَ لِكَلاَمِهِ / تَفَهَّمَهُ | چۈشەندى |
| قَرِينَةٌ جقَرَائِنُ / صِلَةٌ . عَلاَقَةٌ | مۇناسىۋەت |

| | |
|---|---|
| قَرِينَةُ الْكَلاَمِ / مَا يَدُلُّ عَلَى الْمُرَادِ بِهِ، سِيَاقٌ | تىل پاكىتى، سۆزنىڭ ئىلگىرى كېيىنلىك مۇناسىۋىتى |
| اَلْقَرَائِنُ الْوَاقِعَةُ | رىئال تىل پاكىتلىرى |
| قَرِينَةُ الْجُمَّارِ | خورما غولى يىلىكىدىن ئىبارەت تىل پاكىتى |
| مُلْغِزٌ | سۆزنى يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغۇچى، تېپىشماق سۆزلىگۈچى |
| عَمَّى تَعْمِيَةً اَلْمَعْنَى / أَخْفَاهُ | مەنىنى يوشۇرۇپ ئېيتتى، تېپىشماق ئېيتتى |
| لاَ يُبَالِغُ فِي التَّعْمِيَةِ | بەك يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويمايدۇ |
| قَرِبَ يَقْرَبُهُ أَوْ مِنْهُ أَوْ إِلَيْهِ / دَنَا مِنْهُ | يېقىنلاشتى |
| أَوْقَعُ / عَمَلِيٌّ جِدًّا | ناھايىتى رىئال، ناھايىتى ئەمەلىي، ناھايىتى ئايان |
| اِسْتَدَلَّ بِالشَّيْءِ عَلَى الشَّيْءِ / اِتَّخَذَهُ دَلِيلاً عَلَيْهِ | ...بىلەن ... گە دەلىل كەلتۈردى |
| خَاطِرَةٌ ج خَوَاطِرُ / مَا يَتَحَرَّكُ فِي الْقَلْبِ مِنْ رَأْيٍ أَوْ مَعْنًى أَوْ أَمْرٍ أَوْ فِكْرَةٍ | ئوي، خىيال، قاراش، پىكىر |
| وَقَعَ الْأَمْرُ فِي الْقَلْب | بىر ئىش كۆڭۈلدىن كەچتى |
| مَأْخَذٌ / مَعْنًى | مەنا |
| حَقَارَةُ الدُّنْيَا / اِسْتِهَانَةُ الدُّنْيَا | دۇنيا مەئىشىتىنى پەس كۆرۈش |
| اَلدُّنْيَا / اَلْحَيَاةُ الْحَاضِرَةُ | بۇ دۇنيا، بۇ دۇنيادا ياشاش، دۇنيا مەئىشىتى |
| عَيْنٌ / مَنْظَرُ الرَّجُلِ | كۆرۈنۈش، قىياپەت، قاراش |
| فِي عَيْنِ عُمَرَ | ئۆمەرنىڭ كۆرۈنۈشىدە، ئۆمەرنىڭ قارىشىدا |
| قَابَلَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ / عَارَضَهُ بِهِ، قَارَنَهُ بِهِ | تەڭلەشتۈردى، سېلىشتۇردى |
| قَابَلَ فَهْمَ ابْنِهِ لِمَسْأَلَةٍ وَاحِدَةٍ بِحُمْرِ النِّعَمِ | ئۇ ئوغلىنىڭ بىرەر مەسىلىنى چۈشىنىشىنى نەسىللىك ئۆي ھايۋانلىرىغا تەڭلەشتۈردى |

## اَلْأَسْئِلَةُ

| | |
|---|---|
| مُصَوِّرًا وَقَائِعَهُ وَأَهْدَافَهُ | ئۇنىڭ رىئاللىقلىرى ۋە نىشانلىرىنى ئوبرازلىق بايان قىلغان ھالدا |
| مَوْقِعُ جُمْلَةِ ... | ...جۈملىسىنىڭ گىرامماتىكىلىق ئورنى |
| مَدْخُولُ النَّفْيِ | بولۇشسىز قوشۇمچە كىرگۈزۈلگەن سۆز |
| ضَبْطُ كَلِمَةِ ... | ...سۆزىگە تەلەپپۇز بەلگىسىنىڭ توغرا قويۇلۇشى |
| سِرٌّ / سَبَبٌ | سەۋەب |
| سِرُّ ضُعْفِهَا / سِرُّ ضُعْفِ وُجُوهِ الشَّبَهِ | ئوخشاشلىق نوقتىلىرىنىڭ ئاجىز بولۇشىنىڭ سەۋەبى |
| إِعْرَابُ الْجُمْلَةِ فِي ... | ...دىكى جۈملىنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈرلىنىش ئالامىتى |

# ئەرەب تىلدىكى بەزى گراماتىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى

# اِسْتِعْمَالُ بَعْضِ الْأَدَوَاتِ النَّحْوِيَّةِ الْعَرَبِيَّةِ وَتَرْجَمَتُهَا

## بىرىنچى باب اَلأَلِفُ

اَلأَلِفُ ـ ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى. ئۇ سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى (اَلْحَرَكَاتُ) بولمىغان سۈكۈنلۇق يۇمشىما ھەرپ (لَيِّنَةٌ سَاكِنَةٌ) بولۇپ، قىسقا سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى پەتھە (ـَـ) دىن كېيىن كېلىپ سوزۇلما پەتھە (ـَـا) نى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەن كېلىدىغان ھەرىكەتلىك قاتما ھەرپ (يَابِسَةٌ مُتَحَرِّكَةٌ)، ئۇ بوغۇز تاۋۇشى ھەمزە (ء) نىڭ ئورۇندۇقى (كُرْسِيُّ اَلْهَمْزَةِ) بولىدۇ. كېيىنكىسى ئەمەلىيەتتە ھەمزە (اَلْهَمْزَةُ) بولۇپ اَلْهَمْزَةُ دائىرىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ.

I. سۈكۈنلۇق يۇمشىما ئەلىف (اَلأَلِفُ اللَّيِّنَةُ السَّاكِنَةُ)

بۇ اَلأَلِفُ ئۆزىدە سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى بولمىغان اَلأَلِفُ بولۇپ ئالدىدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى پەتھە بىلەن كەلگەن ھەرپنى سوزۇلما پەتھە بىلەن ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

1. يۇمشىما ئەلىف (اَلأَلِفُ) نىڭ تۈرلىرى

1) پېئىلنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن اَلأَلِفُ ( اَلأَلِفُ الْمُتَطَرِّفَةُ فِي فِعْلٍ )

اَلأَلِفُ ـ ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللارنىڭ سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە:

ـ ئەگەر پېئىلنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپ ئەسلىي اَلْوَاوُ بولسا، يەنى اَلْوَاوُ دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا «ا» قىلىپ يېزىلىدۇ:

ـ دَعَا (ئەسلىسى: دَعَوَ ) چاقىردى، تەكلىپ قىلدى غَزَا ( ئەسلىسى: غَزَوَ ) يۈرۈش قىلدى، ھۇجۇم قىلدى، بېسىپ كىردى

ـ ئەگەر اَلْيَاءُ دىن ئۆزگەرگەن بولسا، اَلْيَاءُ شەكلىدىكى اَلأَلِفُ (ى) يېزىلىدۇ.

ـ رَمَى( ئەسلىسى: رَمَيَ ) ئاتتى مَشَى ( ئەسلىسى: مَشَيَ) پىيادە ماڭدى، ماڭدى

ـ ئەگەر اَلأَلِفُ تۆت ھەرپلىك ياكى تۆت ھەرپلىكتىن يۇقىرى پېئىلنىڭ سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە بىردەك اَلْيَاءُ شەكلىدىكى اَلأَلِفُ (ى) يېزىلىدۇ:

ـ أَعْطَى (عَطَوَ دىن كېلىپ چىققان ) بەردى أَمْلَى (مَلَيَ دىن كېلىپ چىققان ) ئىملا قىلدى، ئاڭلاپ يازدۇردى.

ـ رَاعَى (رَعَيَ دىن كېلىپ چىققان) ئەمەل قىلدى، رىئايە قىلدى اِسْتَوْلَى (وَلِيَ دىن كېلىپ چىققان) ئىگىلىدى

پېئىلنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلْيَاءُ شەكلىدىكى اَلأَلِفُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ اَلْيَاءُ بولغىنىدا «ا» يېزىلىدۇ:

ـاِسْتَحْيَا (حَيِيَ دىن كېلىپ چىققان) ھايا قىلدى، خىجىل بولدى، ئۇيالدى تَزَيَّا (زَيَيَ دىن كېلىپ چىققا ) كىيدى، ياساندى

ـ يَحْيَا ( ئەسلىسى: يَحْيَى ؛ حَيِيَ نىڭ ھازىرقى زامانى) ياشايدۇ.

ھازىرقى زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ئۈچ خىل بولىدۇ. ئوخشىمىغان ئەھۋالدا اَلأَلِفُ نىڭ ئۆزىگە خاس يېزىلىش قائىدىسى بولىدۇ.

(1) ئۆتكەن زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ («ا» فِي آخِرِ الْفِعْلِ الْمَاضِي ) بۇ اَلأَلِفُ – رَمَى دَعَا غا ئوخشاش ئاخىرى كېسەل ھەرپلىك ئۆتكەن زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىدا بولسا تۆۋەندىكى ئەھۋال ئاستىدا بۇ اَلأَلِفُ چۈشۈپ قالىدۇ :

① پېئىل ئاياللىق جىنسىي تۈرنى ئىپادىلىگۈچى اَلتَّاءُ (تَاءُ التَّأْنِيثِ) بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە:

ـ رَمَتْ (ئۇ ئايال ئاتتى) دَعَتْ (ئۇ ئايال چاقىردى)

② پېئىل ئەرلىك جىنسىي تۈر پۈتۈن كۆپلۈك سانىنىڭ اَلْوَاوُ (وَاوُ الجَمَاعَةِ) بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە:

ـ رَمَوْا (ئۇلار ئاتتى) دَعَوْا ( ئۇلار چاقىردى )

بۇ اَلأَلِفُ تۆۋەندىكى ئەھۋال ئاستىدا، اَلأَلِفُ شەكىللىك سۆز ئاخىرى اَلْوَاوُ غا ئالمىشىدۇ، اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ بىلەنكى سۆز ئاخىرى اَلْيَاءُ غا ئالمىشىدۇ.

① پېئىل باش كېلىشتىكى قوشۇلغۇچى كىشىلىك ئالماش ئىككىلىك سانىنىڭ اَلأَلِفُ (اَلِفُ اْلاِثْنَيْنِ) بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە: ـرَمَيَا (ئۇ ئىككىسى ئاتتى) دَعَوَا (ئۇ ئىككىسى چاقىردى)

② پېئىل ھەربىرلىك باش كېلىشتىكى قوشۇلغۇچى كىشىلىك ئالماشلار (نُونُ النِّسْوَةِ، تَاءُ الْفَاعِلِ، نَا الْفَاعِلِ) بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە:

ـ رَمَيْنَ (ئۇ ئاياللار ئاتتى) دَعَوْنَ (ئۇ ئاياللار چاقىردى ) ـرَمَيْتَ (سەن ئاتتىڭ) دَعَوْتَ (سەن چاقىردىڭ)

ـ رَمَيْنَا (بىز ئاتتۇق) دَعَوْنَا (بىز چاقىردۇق)

(2) ھازىرقى زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ («ا» فِي آخِرِ الْفِعْلِ الْمُضَارِعِ)

بۇ اَلأَلِفُ – يَخْشَى، يَنْسَى گە ئوخشاش يَفْعَلُ ۋەزنىدىكى يۇمشىما ھەرپ ئېلىپ كەلگەن ھازىرقى زامان پېئىلنىڭ سۆز ئاخىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل پېئىلنىڭ ئاخىرى دەممە (ـُ) ياكى پەتھە (ـَ) بىلەن بىۋاستە كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە پەتھە ياكى دەممە بار دەپ قىياس قىلىنىدۇ:

ـ يَخْشَى (ئۇ قورقىۋاتىدۇ) ـلَنْ يَخْشَى (ئۇ ھەرگىز قورقمايدۇ)

ئەمما تۆۋەندىكى ئەھۋال ئاستىدا اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ چۈشۈپ قالىدۇ:

① ھازىرقى زامان پېئىلى كېسىك فورما (اَلْجَزْمُ) دا كەلگەندە: - لَمْ يَخْشَ ئۇ قورقمىدى

– مَنْ يَخْشَ الصُّعُوبَةَ لاَ يَتَقَدَّمْ. كىم قىيىنچىلىقتىن قورقسا كىشى ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

② ھازىرقى زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئەرلىك جىنسىي تۈر كۆپلۈك سانىنىڭ اَلْوَاوُ (وَاوُ الْجَمَاعَةِ) ى ۋە ئىككىنچى شەخس ئاياللىق جىنسىي تۈر بىرلىك سانىنىڭ اَلْيَاءُ (يَاءُ الْمُخَاطَبَةِ) سى قوشۇلغاندا :

ـ يَخْشَوْنَ (ئۇلار قورقۇۋاتىدۇ ) ـ تَخْشَوْنَ (سىلەر قورقۇۋاتىسىلەر) ـ تَخْشَيْنَ ( سىز ئايال قورقۇۋاتىسىز )

(3) بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ («ا» فِي آخِرِ فِعْلِ اْلأَمْرِ)

بۇ اَلأَلِفُ – يَفْعَلُ ۋەزنىدە يۇمشىما ھەرپ ئېلىپ كەلگەن ھازىرقى زامان پېئىلنىڭ سۆز ئاخىرىنى

كۆرستىدۇ، بۇ بۇيرۇق پېئىلغا ئۆزگەرگەندە چۈشۈپ قالىدۇ:

اِخْشَ ( سەن قورق )　　　　　اِنْسَ ( سەن ئۇنۇت )

2) ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا يېزىلىدىغان الأَلِفُ (اَلأَلِفُ الْمُتَطَرِّفَةُ فِي اسْمٍ)

ئىسىملارنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى يۇمشىما اَلأَلِفُ نىڭ ئۈچ خىل شەكلى بار :

(1) اَلْوَاوُ دىن ئۆزگەرگەن بولىدۇ: عَصًا ( تاياق، هاسا ) مُسْتَدْعًى( تەلەپ ) أَعْلَى( ئەڭ يۇقىرى )

(2) اَلْيَاءُ دىن ئۆزگەرگەن بولىدۇ: فَتًى (ياش، يىگىت) مُسْتَشْفًى (دوختۇرخانا) أَقْوَى (ئەڭ كۈچلۈك)

(3) چەتتىن كىرگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن بولىدۇ:

كَنَدَا ( كانادا )　　تِكْنُولُوجِيَا ( تېخنىكا )　　بُومَا (ئامېرىكا شىرى)

ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ئۈچ خىل بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئوخشىمىغان يېزىلىشى بار:

(1) تۈرلىنىدىغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ الْمُتَطَرِّفَةُ فِي اِسْمٍ مُعْرَبٍ عَرَبِيٍّ)

ئۈچ ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئىسىمنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ، اَلْوَاوُ دىن ئۆزگەرگەن بولسا «ا» قىلىپ يېزىلىدۇ: عَصًا – اَلْعَصَا (تاياق، هاسا)　　رِبًا – اَلرِّبَا (يۇقىرى ئۆسۈم، جازانە)

ئەگەر اَلْيَاءُ دىن ئۆزگەرگەن بولسا، اَلْيَاءُ شەكلىدىكى اَلأَلِفُ ( ـى) يېزىلىدۇ:

فَتًى – اَلْفَتَى ( ياش، يىگىت )　　　هُدًى – اَلْهُدَى ( توغرا يول )

تۆت ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ئادەتتە اَلْيَاءُ شەكلىدىكى اَلأَلِفُ قىلىپ يېزىلىدۇ:

حُبْلَى – اَلْحُبْلَى (ئېغىر ئاياغ ئايال، هامىلدار ئايال) دَعْوَى – اَلدَّعْوَى (ئەرز، دەۋا) مُشْتَهًى (ئىشتىملىق) مُسْتَدْعًى( تەلەپ )

ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن اَلْيَاءُ شەكلىدىكى اَلأَلِفُ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ اَلْيَاءُ بولسا ئۇ ئەلىف «ــا» قىلىپ يېزىلىدۇ: سَجَايَا (خاراكتېر، مىجەز)　　عُلْيَا ( ئەڭ يۇقىرى )

(2) ئاخىرى قاتقان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ الْمُتَطَرِّفَةُ فِي اسْمٍ مَبْنِيٍّ)

ئاخىرى قاتقان ئىسىمنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ «ـا» قىلىپ يېزىلىدۇ :

– أَنَا (مەن) مَهْمَا (نېمىلا بولمىسۇن، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) اِذَا ( ئەگەر. . .سا )

ئەمما مۇنۇ بەش ئىسىمنىڭ سۆز ئاخىرى بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ اَلْيَاءُ شەكلىدىكى اَلأَلِفُ قىلىپ يېزىلىدۇ:

أَنَّى (قەيەر، قاچان، قانداق) مَتَى (قاچان) لَدَى (يېنىدا، ھوزۇرىدا) اَلأَوْلَى (ئەڭ مۇۋاپىق) أولَى (بىرىنچى)

(3) چەتتىن كىرگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ الْمُتَطَرِّفَةُ فِي اسْمٍ أَعْجَمِيٍّ)

چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ كۆپىنچە «ـا» قىلىپ يېزىلىدۇ:

ـ جُدَا (جۇھا) سِينَمَا (كىنوخانا، كىنو) نِمْسَا (ئاۋۇستىرالىيە) كُورِيَا (كورېيە) جُغْرَافِيَا (جۇغراپىيە) دِلْتَا (دېلتا)

ئەمما تۆۋەندىكى چەتتىن كىرگەن تۆت خاس ئىسىمنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ، اَلْيَاءُ شەكلىدە يېزىلىدۇ:

ـ مُوسَى (مۇسا) عِيسَى (ئىيسا) كِسْرَى (خىسرۇ ـ ساسانى پادىشاھلىرىنىڭ نامى) مَتَّى ( مەتتا: كىشى ئىسمى)

3. قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ الْمُتَطَرِّفَةُ فِي حَرْفٍ )

قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ كۆپىنچە «ا» شەكلىدە يېزىلىدۇ:

خَلاَ، حَاشَا، عَدَا، لاَ، كَلاَّ، مَا، هَلاَّ، اَلاَّ، لَوْلاَ، لَوْمَا، اَلاَ، أَمَا، يَا، أَيَا، هَيَا، وَا، لَمَّا، هَا، اِذْمَا، أَلاَّ

پەقەت تۆۋەندىكى تۆت قوشۇمچىنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ،اَلْيَاءُ شەكلىدە يېزىلىدۇ: اِلَى، عَلَى، حَتَّى، بَلَى

4. ئىككىلىك سانىنىڭ اَلأَلِفُ (اَلِفُ اْلاِثْنَيْنِ) ى

ئىككىلىك سانىنىڭ اَلأَلِفُ ـ بىر خىل باش كېلىشتىكى قوشۇلغۇچى كىشىلىك ئالماش بولۇپ پەقەت پېئىللارنىڭ ئاخىرىغىلا قوشۇلۇپ كېلىدۇ؛ ئورۇن جەھەتتىن باش كېلىشتە بولۇپ پېئىلنىڭ پائىلى (اَلْفَاعِلُ) بولىدۇ.

ئىككىلىك سانىنىڭ اَلأَلِفُ ى ئۆتكەن زامان پېئىلى، هازىرقى زامان پېئىلى ۋە بۇيرۇق پېئىلغا قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ. پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى پەتھە اَلأَلِفُ بىلەن قوشۇلۇپ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش هاسىل قىلىدۇ:

ـ كَتَبَا ئۇ ئىككىسى يازدى　　كَتَبَتَا ئۇ ئىككى قىز يازدى

ـ يَكْتُبَانِ ئۇ ئىككىسى يېزىۋاتىدۇ　　تَكْتُبَانِ ئۇ ئىككى قىز يېزىۋاتىدۇ

ـ تَكْتُبَانِ سىلەر ئىككىڭلار يېزىۋاتىسەن　　أُكْتُبَا سىلەر ئىككىڭلار يېزىڭلار

5) ئىسىمنىڭ باش كېلىش ياكى چۈشۈم كېلىش ئالامىتى بولۇپ كېلىدىغان اَلأَلِفُ

بىرلىك ساندىكى ئىسىمنىڭ ئاخىرى يەككە پەتھە (ـَـ) بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە اَلأَلِفُ قوشۇلۇپ سوزۇلما پەتھە هاسىل قىلىدۇ. بۇ (ـَـ) ئىسىملارنىڭ باش كېلىش ياكى چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل اَلأَلِفُ پەقەتلا مۇنۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدىلا قوللىنىلىدۇ:

(1) دەممىنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان اَلأَلِفُ ( اَلأَلِفُ النَّائِبَةُ عَنِ الضَّمَّةِ )

بۇ اَلأَلِفُ باش كېلىشتىكى، بىرلىك ساندىكى ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ، ئەسلىدىكى بىرلىك ساندىكى ئىسىمنىڭ ئاخىرقى ھەرپى سوزۇلما پەتھە (ـَـا) تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يەككە كەسرىلىك بىر اَلنُّونُ قوشۇلىدۇ. بۇ اَلأَلِفُ ئىككىلىك ساندىكى ئىسىم ياكى ئىككىلىك ساندىكى ئىسىمغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىملارنىڭ باش كېلىش ئالامىتى بولۇپ «ـُ» دەممىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ:

– دَوْلَةٌ – دَوْلَتَانِ ئىككى دۆلەت　اِثْنَانِ ئىككى　اَلطَّالِبَانِ مُجْتَهِدَانِ هېلىقى ئىككى ئوقۇغۇچى تىرىشچان.

(2) پەتھەنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ النَّائِبَةُ عَنِ الْفَتْحَةِ )

بەش ئىسىم (اَلأَسْمَاءُ الْخَمْسَةُ) ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇپ، ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىم ياكى كىشىلىك ئالماش بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە هاسىل قىلىپ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەندە، بۇ بەش ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان اَلأَلِفُ ئەسلى بىرلىك ساندىكى ئىسىمنىڭ ئاخىرقى ھەرپى سوزۇلما پەتھە (ـَا) هاسىل قىلىدۇ. ۋە ئۇ بەش ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش ئالامىتى پەتھەنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

– اِنَّ أَبَاكَ لَعَالِمٌ مَعْرُوفٌ. سېنىڭ داداڭ ھەقىقەتەن تونۇلغان ئالىم.

– كُنْ أَخَا ثِقَةٍ. سەن ئىشەنچلىك كىشىنىڭ قېرىندىشى بول.

– يَبْدُو أَنَّ حَمَاكَ مَهَذَّبٌ.  سىنىڭ قېيناتاڭ تەربىيە كۆرگەن كىشىدەك قىلىدۇ.

– صُنْ فَاكَ عَنْ لَغْوِ الْقَوْلِ.  ئېغىزىڭنى قالايمىقان سۆزلەشتىن ساقلا.

– مَنِ اخْتَرَعَ الْمُحَرِّكَ ذَا الإِحْتِرَاقِ الدَّاخِلِيِّ؟  ئىچىدىن يانىدىغان دېۋىگاتىلنى كىم كەشىپ قىلدى ؟

6) قىسقارغان  اَلأَلِفُ ( اَلأَلِفُ الْمَقْصُورَةُ)

بۇ خىل اَلأَلِفُ ـ ئاخىرى قىسقارغان ئىسىم (اَلاسْمُ الْمَقْصُورَةُ) نىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ اَلأَلِفُ «ا» شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ، يەنە اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ قىلىپمۇ يېزىلىدۇ: عَصًا (تاياق، هاسا)  فَتًى (ياش، يىگىت)

بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكىسىنىڭ بەزىسى ئەسلىدە بار بولغان بولىدۇ، بەزىسى اَلْوَاوُ ياكى اَلْيَاءُ دىن ئۆزگەرگەن بولىدۇ. بەزىسى ئارتۇق قوشۇلغان بولىدۇ.

(1) ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ئەسلىدە بار بولغىنى:

سۆز ئاخىرى اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ بولغان، تۆت ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ نىڭ ھەممىسى ئەسلىدە بار بولىدۇ: مُسْتَوًى (سەۋىيە)  مُسْتَدْعًى (تەلەپ)

(2) ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ، اَلْوَاوُ دىن ئۆزگەرگىنى:

① سۆز ئاخىرىدا اَلأَلِفُ بولغان ئۈچ ھەرپلىك قىسقارغان ئىسىمنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ، اَلْوَاوُ دىن ئۆزگەرگەن بولىدۇ:  ـ دُجًا (قاراڭغۇلۇق)  رِضًا (رازىلىق، مەمنۇنلۇق)

② سۆز ئاخىرىدا اَلأَلِفُ بولغان، ئۈچ ھەرپلىك تۆپ پېئىلنىڭ ۋاقىت ـ ئورۇن ئىسىمدىشىنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ اَلْوَاوُ دىن ئۆزگەرگەن بولىدۇ:  لَهَا – مَلْهًى (تاماشىخانا، تاماشا سورۇنى) طَهَا – مَطْهًى (ئاشخانا)

③ سۆز ئاخىرىدا اَلأَلِفُ بولغان ئۈچ ھەرپلىك تۆپ پېئىلنىڭ ۋاستە ئىسىمدىشىنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ اَلْوَاوُ دىن ئۆزگەرگەن بولىدۇ:  لَهَا – مِلْهًى (ئويۇنچۇق)

(3) ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ، اَلْيَاءُ دىن ئۆزگەرگىنى:

سۆز ئاخىرىدا اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ بولغان، ئۈچ ھەرپلىك ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرى «اَلْيَاءُ» دىن ئۆزگەرگەن بولىدۇ:  ـ نَدًى (شەبنەم)  هُدًى (توغرا يول)

(4) ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلغىنى:

① ئۈچ ھەرپلىك كەمتۈك پېئىل (اَلْفِعْلُ النَّاقِصُ) دىن ياسالغان ئارتتۇرۇش سۈپەتدىشىنىڭ ئاياللىق جىنسى تۈرىنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلغان بولىدۇ: عَلاَ (يۇقىرى بولدى)  – أَعْلَى م عُلْيَا (ئەڭ يۇقىرى)

ـ دَنِىَ (ناچار بولدى، پەسكەش بولدى)  – أَدْنَى م دُنْيَا (ئەڭ پەسكەش)

② فَعَالَى ۋەزنىدىكى چەككە يەتكەن كۆپلۈك ساندىكى ئىسىم (صِيغَةُ مُنْتَهَى الْجُمُوعِ) نىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ياكى اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلغان بولىدۇ: بَقِيَّةٌ ج بَقَايَا (قالدۇق، ئاشقىنى) هَدِيَّةٌ – هَدَايَا (سوۋغا)

ـ هِرَاوَةٌ ج هَرَاوَى (كالتەك، توقماق)  نَقَاوَةٌ ج نَقَاوَى (پاكلىق، ساپلىق)

③ فَعْلَى ۋەزنىدىكى كۆپلۈك ساندا كەلگەن ئىسىمنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلغان بولىدۇ:

ـ فَعِيلٌ ۋەزنىدىكى مەجھۇل سۈپەتداشنىڭ كۆپلۈك سانى:
ـ قَتِيلٌ ج قَتْلَى (ئۆلتۈرۈلگۈچى، قەتل قىلىنغۇچى) جَرِيحٌ ج جَرْحَى (جاراھەتلەنگەن، مەجرۇھ، يارىدار)
ـ أَفْعَلُ ۋەزنىدىكى يېرىم ئېنىق سۈپەتداشنىڭ كۆپلۈك سانى: أَحْمَقُ ج حَمْقَى (كەم ئەقىل، مەتو)
ـ فَعْلاَنُ ۋەزنىدىكى يېرىم ئېنىق سۈپەتداشنىڭ كۆپلۈك سانى: عَطْشَانُ ج عَطْشَى ( ئۇسسۇز، چاڭقىغان) جَوْعَانُ ج جَوْعَى (ئاچ، ئاچ قالغان)

ۋە باشقا شەكىلدىكى بىرلىك ساندىكى ئىسىمنىڭ كۆپلۈك سانى:
ـ هَالِكٌ ج هَلْكَى (ھالاك بولغان، يوقالغان) مَيْتٌ ج مَوْتَى ( ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆلگەن)

④ ئارتتۇرۇش سۈپەتداشنىڭ ئاياللىق جىنسى تۇر فُعْلَى ۋەزنىنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلغان بولىدۇ:
-أَكْبَرُ م كُبْرَى ( ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۇلۇغ ) أَصْغَرُ م صُغْرَى ( ئەڭ كىچىك )

⑤ فَعْلاَنُ ۋەزنىدىكى يېرىم ئېنىق سۈپەتداشنىڭ ئاياللىق جىنسى تۇرى فَعْلَى ۋەزنىنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى اَلْيَاء شەكىللىك اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلغان بولىدۇ: عَطْشَانُ م عَطْشَى (ئۇسسۇز، چاڭقىغان) سَكْرَانُ م سَكْرَى (مەست)

⑥ ئاياللىق جىنسى تۇرنى ئىپادىلىگۈچى اَلْيَاءُ شەكىللىك اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلغان بولىدۇ:
ـ حُبْلَى (ئېغىر ئاياق، ھامىلىدار) ذِكْرَى (خاتىرە، ئەسلىمە) بُشْرَى (خوشخەۋەر) تَعْبَى (چارچىغان، ھارغان)
سۆز ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىنىڭ تۈرلىنىشى بىر خىل قىياسىي تۈرلىنىش (إِعْرَابٌ تَقْدِيرِيٌ)
ـ جَاءَ مُصْطَفَى. مۇستافا كەلدى. (مُصْطَفَى: قىياس قىلىنغان دەممە بىلەن باش كېلىشتە كەلگەن)
ـ رَأَيْتُ مُصْطَفَى. مەن مۇستاپانى كۆردۈم. (مُصْطَفَى: قىياس قىلىنغان پەتھە بىلەن چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن)
– يُعْنَى الْجَمِيعُ بِمُصْطَفَى. ھەممەيلەن مۇستاپامۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ( مُصْطَفَى: قىياس قىلىنغان كەسرە بىلەن ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن )

سۆز ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ئەسلىدە بار بولغان بولسۇن (ياكى اَلْوَاوُ ۋە اَلْيَاءُ دىن ئۆزگەرگەن بولسۇن) ھەممىسى تۈرلىنىدىغان ئىسىم بولىدۇ. ئېنىقسىز ھالەتتە كەلگەندە جۇپ پەتھە ئالامىتى بىلەن كېلىدۇ :
- مُسْتَشْفًى – اَلْمُسْتَشْفَى (دوختۇرخانا) شَذًا – اَلشَّذَا (خۇشپۇراق) رَحًى – اَلرَّحَى (يارغۇنچاق، كىچىك تۈگمەن)

سۆز ئاخىرى قىسقارغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇقسىز تۈرلىنىدىغان ئىسىم (اَلاِسْمُ غَيْرُ الْمُنْصَرِفِ) بولۇپ ئېنىقسىز ھالەتتە كەلگەندە سۆز ئاخىرى جۇپ ئالامەت بىلەن كېلەلمەيدۇ :
ـ دُنْيَا (دۇنيا) قَضَايَا (دېلو، ئەنزە) أَسْرَى (ئەسىرلەر) سَكَارَى (مەستلەر)

2ـ يۇمشىما اَلأَلِفُ، اَلْوَاوُ ۋە اَلْيَاءُ بىلەن ئالمىشىشى مۇمكىن

1) اَلْوَاوُ دىن ئالماشقان اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ الْمُنْقَلِبَةُ عَنِ الْوَاوِ)
اَلْوَاو ئەسلى ھەرىكىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ پەتھەلىك كەلگەندە، بۇ اَلْوَاو اَلأَلِفُ «ا» گە ئالمىشىدۇ:

ـ قَالَ (ئەسلىسى: قَوَلَ) ئېيتتى قَادَ (ئەسلىسى : قَوَدَ) يېتەكلىدى، يېتىلىدى
ـ نَامَ ( ئەسلىسى :نَوَمَ ) ئۇخلىدى سَادَ (ئەسلىسى: سَوَدَ ) باشقۇردى، كونترول قىلدى
2) اَلْيَاءُ دىن ئالماشقان اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ الْمُنْقَلِبَةُ عَنِ الْيَاءِ)
اَلْيَاءُ ئەسلىي ھەرىكىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ پەتھەلىك كەلگەندە بۇ اَلْيَاء ، اَلأَلِفُ «ا» گە ئالمىشىدۇ:
ـ بَاعَ ( ئەسلىسى: بَيَعَ ) ساتتى زَادَ ( ئەسلىسى :زَيَدَ ) ئاشتى
ـ شَاءَ ( ئەسلىسى: شَيَأَ ) خالىدى سَارَ (ئەسلىسى: سَيَرَ ) يول يۈردى
II. قاتما اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ الْيَابِسَةُ)
قاتما اَلأَلِف سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەن كېلەلەيدۇ، ۋە بوغۇز تاۋۇشى «ء» نىڭ تەگلىك ھەرپى بولۇپ كېلەلەيدۇ. گرامماتىكىدا بۇ خىل قاتما اَلأَلِفُ «اَلْهَمْزَةُ» دېيىلىدۇ.
قاتما اَلأَلِفُ سۆز تەركىبىدە ئەسلىي بار بولۇپ، ئۇ ئەسلىي ھەرپ (اَلْحَرْفُ الأَصْلِيُّ) دېيىلىدۇ.
ـ أَخَذَ (ئالدى) سَأَلَ (سورىدى) قَرَأَ (ئوقۇدى) أَلْفٌ (مىڭ) جَأْرٌ (ۋارقىراش، مۆرەش) خَطَأٌ (خاتالىق)
III. ئەسلىي اَلأَلِفُ ۋە زىيادە اَلأَلِفُ
سۆز تەركىبىدىكى اَلأَلِفُ ئەسلىي ۋە زىيادە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:
1 ـ ئەسلىي اَلأَلِفُ (اَلأَلِفُ الأَصْلِيَّةُ )
ئىككى ئەسلىي ھەرپنىڭ ئالدىدىكى اَلأَلِفُ ـ ئەسلىي اَلأَلِفُ بولىدۇ، چۈنكى بۇ اَلأَلِفُ ئۈچ ئەسلىي ھەرپنىڭ بىرى.
بۇ خىل ئەسلىي بار بولغان اَلأَلِفُ ـ قاتما اَلأَلِفُ ھېسابلىنىدىغان اَلأَلِفُ بولۇپ، ئۇ اَلْهَمْزَةُ دائىرىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ.
ـ إِبِلٌ (تۆگە يىلقىسى، تۆگە) أُبْضٌ (تىقىم) أَبَدٌ (ئەبەدىيلىك) اِسْتَأْصَلَ (تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتتى)
ـ إِلَى ( . . . غا، . . . غىچە) اَلاَّ ( . . . ماسلىقى)
2 ـ زىيادە اَلأَلِفُ ( اَلأَلِفُ الزَّائِدَةُ )
زىيادە اَلأَلِفُ مۇھىمى مۇنۇ بىر قانچە جەھەتتىن قوللىنىلىدۇ.
1) ئومۇمەن ئىسىمنىڭ ئۈچ ئەسلىي ھەرپنىڭ ئالدىغا ياكى ئوتتۇرىسىغا قوشۇلۇپ كەلگەن اَلأَلِفُ ـ زىيادە اَلأَلِفُ دېيىلىدۇ. زىيادە اَلأَلِفُ سۆز بېشىدا كەلگەندە ئۈستىگە «ء» يېزىلىدۇ.
ـ أَحْمَدُ ( ئەھمەد) أَعْظَمُ (ئەڭ ئۇلۇغ) ضَارِبٌ (ئۇرغۇچى) صَنَاعٌ (مەلىكىلىك، پىشقان)
اِسْتِقْبَالٌ ( قارشى ئېلىش، كۈتۈۋېلىش) اِكْرَامٌ (كۈتۈۋېلىش)
2) ياردەم تەلەپ قىلىش چاقىرىق جۈملىسى (أُسْلُوبُ النِّدَاءِ لِلإِسْتِغَاثَةِ) دىكى ياردەم تەلەپ قىلىنغان چاقىرىلغۇچى (اَلْمُنَادَى الْمُسْتَغَاثُ بِهِ) نىڭ ئالدىغا اَللاَّمُ قوشۇلمىغاندا، ئۇنىڭ سۆز ئاخىرىغا بىر اَلأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلۇپ تۈسنى كۈچەيتىپ كېلىشى مۇمكىن.
– يَا مُحَمَّدَا لِلْمُحْتَاجِينَ. ئى مۇھەممەد، موھتاجلارغا ياردەم بەر.
– يَا قَوْمَا لِلْمَنْكُوبِينَ بِالزَّلْزَالِ! خالايىق، يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە يولۇققانلارغا ياردەم بېرىڭلار.
3) تەئەججۈپ چاقىرىق جۈملىسى (أُسْلُوبُ النِّدَاءِ التَّعَجُّبِيِّ) دىكى تەئەججۈپلىنىلگەن چاقىرىلغۇچى

(اَلْمُنَادَى الْمُتَعَجَّبُ مِنْهُ) دىن كېيىن بىر اَلْأَلِفُ ئارتۇق قوشۇلۇپ كېلىپ تۈسنى كۆچەيتىدۇ:

– يَا حَرَّا! ھەي، ئىسسىقنى!          – يَا عَجَبَا! ھەي، ئەجەبلىنەرلىكنى.

4) نالە ـ پەرياد چاقىرىق جۈملىسى (أُسْلُوبُ النِّدَاءِ لِلنُّدْبَةِ) دىكى نالە ـ پەرياد قىلىنغان چاقىرىلغۇچى (اَلْمُنَادَى الْمَنْدُوبُ) نىڭ سۆز ئاخىرىغا ياكى ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈلگەن ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككىنچى ئەزاسىنىڭ سۆز ئاخىرىغا ياكى جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر سۆزنىڭ سۆز ئاخىرىغا بىر اَلْأَلِفُ زىيادە قوشۇلۇپ، ئاۋاز سوزۇلۇپ نالە ـ پەرياد ئىپادىلەنگەن ئىبارىنىڭ تۈسنى كۆچەيتىدۇ.

– وَا كَبِدَا! ۋاي، جان ـ جىگىرىم! وَا قَتِيلَ السَّيَّارَتَا! ۋاي، ماشىنا ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكۈچى!

– وَا مَنْ كَرَّسَ حَيَاتَهُ مِنْ أَجْلِ الْآخَرِينَا! ۋاي، ھاياتىنى باشقىلار ئۈچۈن بېغىشلىغۇچى!

5) پېئىللاردا ئەرلىك جىنسىي تۈر كۆپلۈك سانىنىڭ اَلْوَاوُ (وَاوُ الْجَمَاعَةِ) دىن كېيىن ئارتۇق قوشۇلىدۇ.

–كَتَبُوا الْوَاجِبَاتِ الْمَنْزِلِيَّةَ. ئۇلار ئائىلە تاپشۇرۇقلىرىنى يازدى. أَسْرِعُوا إِلَيَّ! سىلەر مېنىڭ يېنىمغا تېز كېلىڭلار!

– لَمْ يَفْهَمُوا كَيْفَ حَدَثَ كُلُّ هَذِهِ. ئۇلار بۇنىڭ ھەممىسى قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەنمىدى.

– لَنْ تُحْرِزُوا النَّصْرَ النِّهَائِيَّ إِذَا تَوَقَّفْتُمْ عَنِ الْاِجْتِهَادِ. سىلەر تىرىشىشتىن توختاپ قالساڭلار، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيسىلەر.

IV. ئوقۇلىدىغان، يېزىلمايدىغان اَلْأَلِفُ ۋە يېزىلىدىغان، ئوقۇلمايدىغان اَلْأَلِفُ.

1 ـ بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە اَلْأَلِفُ ئوقۇلىدۇ، يېزىلمايدۇ:

| اَلْأَلِفُ الَّتِي تُنْطَقُ وَ لاَ تُكْتَبُ | |
|---|---|
| اَلْكِتَابَةُ الْاِمْلاَئِيَّةُ | اَلْكِتَابَةُ الصَّوْتِيَّةُ |
| هَذَا | هَاذَا |
| هَذِهِ | هَاذِهِ |
| هَهُنَا | هَاهُنَا |
| هَأَنَذَا | هَا أَنَا ذَا |
| هَؤُلاَءِ | هَاؤُلاَءِ |
| أُولَئِكَ | أُولاَئِكَ |
| لَكِنَّ، لَكِنْ | لاَكِنَّ لاَكِنْ |
| اَلسَّمَوَاتُ | اَلسَّمَاوَاتُ |
| اَلرَّحْمَنُ | اَلرَّحْمَانُ |
| يَسِنٌ | يَا سِينٌ |

2 ـ بەزى سۆزلەر تەكىبىدە «اَلْأَلِفُ» يېزىلىدۇ، ئوقۇلمايدۇ:

| اَلْأَلِفُ الَّتِي تُكْتَبُ وَلاَ تُنْطَقُ | |
|---|---|
| اَلْكِتَابَةُ الْاِمْلاَئِيَّةُ | اَلْكِتَابَةُ الصَّوْتِيَّةُ |
| مِائَةٌ | مِئَةٌ |
| مِائْتَانِ | مِئْتَانِ |
| كَتَبُوا | كَتَبُو |

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 8 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى

| خۇپتەن | شام | ئەسىر | پېشىن | كۈن چىقىش | بامدات | ئاۋغۇست (8 ـ ئاي) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8:34 | 7:36 | 4:16 | 12:30 | 4:57 | 3:07 | جۈمە | 1 |
| 8:33 | 7:35 | 4:15 | 12:30 | 4:58 | 3:08 | شەنبە | 2 |
| 8:32 | 7:34 | 4:15 | 12:30 | 4:59 | 3:10 | يەكشەنبە | 3 |
| 8:31 | 7:33 | 4:14 | 12:30 | 5:00 | 3:12 | دۈشەنبە | 4 |
| 8:29 | 7:31 | 4:14 | 12:30 | 5:01 | 3:14 | سەيشەنبە | 5 |
| 8:28 | 7:30 | 4:13 | 12:30 | 5:03 | 3:15 | چارشەنبە | 6 |
| 8:27 | 7:29 | 4:13 | 12:30 | 5:04 | 3:17 | پەيشەنبە | 7 |
| 8:25 | 7:27 | 4:12 | 12:30 | 5:05 | 3:19 | جۈمە | 8 |
| 8:24 | 7:26 | 4:12 | 12:30 | 5:06 | 3:21 | شەنبە | 9 |
| 8:23 | 7:25 | 4:11 | 12:30 | 5:07 | 3:22 | يەكشەنبە | 10 |
| 8:21 | 7:23 | 4:10 | 12:30 | 5:08 | 3:24 | دۈشەنبە | 11 |
| 8:20 | 7:22 | 4:10 | 12:30 | 5:09 | 3:26 | سەيشەنبە | 12 |
| 8:18 | 7:20 | 4:09 | 12:30 | 5:10 | 3:27 | چارشەنبە | 13 |
| 8:17 | 7:19 | 4:08 | 12:30 | 5:11 | 3:29 | پەيشەنبە | 14 |
| 8:15 | 7:17 | 4:08 | 12:30 | 5:13 | 3:31 | جۈمە | 15 |
| 8:14 | 7:16 | 4:07 | 12:30 | 5:14 | 3:32 | شەنبە | 16 |
| 8:12 | 7:14 | 4:06 | 12:30 | 5:15 | 3:34 | يەكشەنبە | 17 |
| 8:11 | 7:13 | 4:05 | 12:30 | 5:16 | 3:36 | دۈشەنبە | 18 |
| 8:09 | 7:11 | 4:04 | 12:30 | 5:17 | 3:37 | سەيشەنبە | 19 |
| 8:07 | 7:09 | 4:04 | 12:30 | 5:18 | 3:39 | چارشەنبە | 20 |
| 8:06 | 7:08 | 4:03 | 12:30 | 5:19 | 3:41 | پەيشەنبە | 21 |
| 8:04 | 7:06 | 4:02 | 12:30 | 5:21 | 3:42 | جۈمە | 22 |
| 8:02 | 7:04 | 4:01 | 12:30 | 5:22 | 3:44 | شەنبە | 23 |
| 8:01 | 7:03 | 4:00 | 12:30 | 5:23 | 3:45 | يەكشەنبە | 24 |
| 7:59 | 7:01 | 3:59 | 12:30 | 5:24 | 3:47 | دۈشەنبە | 25 |
| 7:57 | 6:59 | 3:58 | 12:30 | 5:25 | 3:48 | سەيشەنبە | 26 |
| 7:56 | 6:58 | 3:57 | 12:30 | 5:26 | 3:50 | چارشەنبە | 27 |
| 7:54 | 6:56 | 3:56 | 12:30 | 5:27 | 3:52 | پەيشەنبە | 28 |
| 7:52 | 6:54 | 3:55 | 12:30 | 5:28 | 3:53 | جۈمە | 29 |
| 7:51 | 6:53 | 3:54 | 12:30 | 5:30 | 3:55 | شەنبە | 30 |
| 7:49 | 6:51 | 3:53 | 12:30 | 5:31 | 3:56 | يەكشەنبە | 31 |

**ئەسكەرتىش:** مەزكۇر جەدۋەلدىكى ۋاقىت ئۈرۈمچى ۋاقتى بولۇپ، ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.